# قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى

[illegible]

# 1


ئىسرائىل يۈسۈپ
تەتقىق قىلغۇچىلار: ئابدۇقەييۇم خوجا
دولقۇن قەمبىرى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........ 1

بۇكۇنچ (مۇقەددىمە) بۆلۈم تەرجىمىسى ........ 1

باشتىكى (بىرىنچى) بۆلۈم تەرجىمىسى ........ 21

ئىككىنچى بۆلۈم تەرجىمىسى ........ 47

ئۈچىنچى بۆلۈم تەرجىمىسى ........ 73

تۆتىنچى بۆلۈم تەرجىمىسى ........ 99

ئىزاھلار ........ 127

گراممатىكىلىق تەركىبلەر ........ 149

لۇغەت ........ 151

فاكسىمىل ........ 177

يۇكۇنچ (مۇقەددىمە) بۆلۈم ترانسكرىپسىيەسى ........

باشتىكى (بىرىنچى) بۆلۈم ترانسكرىپسىيەسى ........

ئىككىنچى بۆلۈم ترانسكرىپسىيەسى ........

ئۈچىنچى بۆلۈم ترانسكرىپسىيەسى ........

تۆتىنچى بۆلۈم ترانسكرىپسىيەسى ........

# كىرىش سۆز

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازما «مايترى سىمىت» (مايترى بىلەن ئۇچرىشىش) 27 پەردىدىن تەشكىل تاپقان چوڭ ھەجىملىك سەھنە ئەسىرىدۇر. ئۇ ھازىرغا قەدەر ئېلىمىزدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازمىلار ئىچىدە، دەۋرى ئەڭ بۇرۇن بولغان بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئەدەبىي ئەسەر يەنى زور ھەجىملىك سەھنە ئەسىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېلىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ئەسەردە مۇكەممەل بەدىئىي شەكىل، كونكرېت ئوبراز، جانلىق ۋە راۋان قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئارقىلىق بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنىڭ نەزەرىدىكى قۇتقازغۇچى ئىلاھ — كەلگۈسى بۇرخان مايترىنىڭ ھاياتىدىكى ئىش-پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان.

بۇ ئەسەرنىڭ قۇمۇل نۇسخىسىنى يەنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازما نۇسخىسىنى 1959-يىلى 4-ئايدا، قۇمۇل ناھىيە تىيانشان گۇڭشې تۆمۈرتى دادۈي باش تۇرا (باش مەھەللە)دىكى ئۇيغۇر چارۋىچى يەھيا رېھىم مال بېقىپ يۈرۈپ تۆمۈرتىنىڭ «كىچىك داۋان» دەپ ئاتىلىدىغان قارىغايلىق ئېدىرىدىن تېپىۋالغان. ئەسلىدە بۇ ئەسەر كىگىزگە يۆگۈلۈپ تاشلار ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان بولۇپ، تېپىلغان چاغدا كىگىز بىلەن ئەسەرنىڭ بىر مۇنچە ۋاراقلىرى چىرىپ تىتىلىپ كەتكەن. يەھيا رېھىم بۇ ئەسەرنى تېپىۋالغاندىن كېيىن، قۇمۇل ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ مەسئۇلى يولداش ئىسمايىلغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. شۇ يىلى كۈزدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي مۇزېيى بۇ قىممەتلىك يازما يادىكارلىقنى تاپشۇرۇۋالغان. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان بۇ نۇسخا جەمئىي 293 ۋاراق (586 بەت) بولۇپ، ھەر بىر ۋارىقىنىڭ چوڭلۇقى 47.5 × 21.7cm كېلىدۇ. قەغىزى قارامتۇل سېرىق رەڭلىك قېلىنراق قاتتىق قەغەز. ھەر بىر بېتىنىڭ ئىككى يېنى ۋە ئاستى-ئۈستى تەرەپلىرىدە تەكشى بوش ئورۇن قالدۇرۇلۇپ، ئىنچىكە ۋە سۇس قىلىپ سىزىلغان قۇر سىزىقچىلىرى ئۈستىگە قارا سىيا بىلەن سولدىن ئوڭغا قاراپ تىك شەكىلدە چىرايلىق ۋە رەتلىك قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان (ھەر بىر بېتىگە 30 ياكى 31 قۇر خەت يېزىلغان). بەزى بۆلۈملىرىنىڭ بېشىدىكى ۋەقەلىك ئىزىنى كۆرسەتكۈچى جۈملىلەر قىزىل سىيادا يېزىلغان. ھەر بىر ۋاراقنىڭ ئالدى بېتىنىڭ سول تەرىپىگە كىچىكرەك قىلىپ، قايسى بۆلۈمنىڭ نەچچىنچى ۋارىقى ئىكەنلىكىمۇ ئايرىم يېزىلغان. يەنە ھەر بىر بەتنىڭ 7-قۇردىن 10-قۇرغىچە بولغان ئارىلىق ئوتتۇرىسىغا دىئامېتىرى 4.6cm كېلىدىغان ئىنچىكە، سۇس قارا سىزىقلىق دۈگىلەك دائىرە سىزىلىپ، بۇ دائىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا 0.5cm چوڭلۇقتىكى كىتاب تۈپلەش تۆشۈكچىسى ئېچىلغان. بىز تەتقىق قىلىۋاتقان بۇ نۇسخا تولۇقلۇق جەھەتتە گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى

ئۇيغۇر يېزىقىدىكى باشقا نۇسخىلاردىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشىدۇ، يەنىلا پۈتۈنلەي تولۇق نۇسخا ھېسابلانمايدۇ. بۇ نۇسخىنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان 293 ۋارىقى ئىچىدە تولۇق ۋە ياخشى ساقلانغان ۋارىقى 110 نەچچە بولۇپ، قالغان ۋاراقلىرىنىڭ ساقلىنىشى ياخشى ئەمەس. چۈنكى بۇ نۇسخا تېپىلغان چاغدا، نۇرغۇن ۋاراقلىرى چىرىپ پارچە-پارچە بولۇپ كەتكەن ۋە كەمتۈك بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەزى بۆلۈملىرىنىڭ باش-ئاخىرىدىكى ۋاراقلىرى ۋە بىر مۇنچە بۆلۈملىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاراقلىرى يوق. يەنە 26-، 27-بۆلۈملىرىنىڭ (پەردىلىرىنىڭ) ئورنى يوق. بۇ نۇسخىدا، ئۇنى كۆچۈرتكۈزۈپ ساۋاپ تاپقۇچى يازغان كىرىش سۆز ئورنىدىكى بېغىشلىما — «يۈكۈنچ بۆلۈم» (يۈكۈنچ — يۈكۈنمەك دېگەن پېئىلدىن ياسالغان ئىسىم بولۇپ، ھۆرمەت، چوقۇنۇش، دېگەن مەنىدە) بىلەن قالغان 25 بۆلۈمنىڭ ئورنى بار. بۇ بۆلۈملەرنىڭ بەزىلىرى بىر قەدەر تولۇق ساقلانغان، بەزىلىرىنىڭ بولسا، بىر نەچچە ۋارىقىلا قالغان. شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ نۇسخا تاش ئاستىدا ئۇزۇن يىل باسۇرۇلۇپ يېتىپ نۇرغۇن ۋاراقلىرى چىرىپ كەتكەندىن باشقا، يوشۇرۇپ قويۇلۇشتىن ئىلگىرى بەزى ۋاراقلىرى يوقالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئەسەرنىڭ قۇمۇل نۇسخىسى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادى 9—13-ئەسىرلەر) نىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى چۇ تاش يىگەن تەرىپىدىن مەزكۇر خانلىقنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە كۆچۈرتكۈزۈلگەن. بۇ نۇقتىنى «يۈكۈنچ بۆلۈم» نىڭ ئاخىرقى ۋارىقىنىڭ (14-ۋارىقىنىڭ) ئالدى بېتىدىكى مۇنۇ قۇرلار يورۇتۇپ بېرىدۇ:

yükünq tərt y(i)g(i)rm(i) p(a)t(a)r (A)

1. y(ə)mə alkatmïx ayka küsənqig künkə
2. ədrülmix ədgü ədkə kutluq kïvlïq koluka
3. kutluq koyn yïl zün üqünq ay
4. iki otuzka m(ə)n üq ərdnikə kirt —
5. günq kəŋüllüg upasï qü tax ygən
6. tutuk kixim tüzün birlə kin kəltə —
7. qi maytri burhanka tosalïm təp
8. bir maytri sü bəzətdimiz bir
9. maytri simit nomïn y(ə)mə
10. bititdimiz..............................................

..............................................

21. y(ə)mə bu buyanaq aŋ əŋrə avïrar —
22. biz təŋri bəgü əl bilgə arslan təŋri
23. uyqur tərkənimiz kutıŋa alkatmıx on
24. uyqur əli otuz tigit oqlanï tokuz
25. əlqi bilgəsi mïŋ tapïnur tümən
26. iqrəkiləri birlə mïŋ tümən yïlka

27. təgi əl axayu y(a)rlïkamaklarï bolzunlar

..................................................................................................

تەرجىمىسى:

يۇكۈنچ (بۆلۈم) ئون تۆتىنچى ۋاراق (A)

1. يەنە مەدھىيەلەشكە ئەرزىيدىغان ئايغا، ئارزۇ قىلغان كۈنگە

2. تاللانغان ياخشى پەيتكە، قۇتلۇق-خەيرلىك ۋاقىتقا،

3. قۇتلۇق قوي يىلى ژۇن (كەبىسە) ئۈچىنچى ئاينىڭ

4. يىگىرمە ئىككىنچى كۈنىدە، مەن ئۇچ ئەردىنىگە ئېتىد-

5. قاتچان كۆكۈللۈك ئۇپاسى چۇ تاش يىگەن

6. تۇتۇق ئايالىم تۈزۈن بىلەن بىللە كېيىن كېلىدى-

7. غان مايترى بۇرخانغا ئۇچرىشايلى دەپ

8. بىر مايترى ھەيكىلىنى بېزەتتۇق (ياساتتۇق) بىر

9. مايترى سىمىت ذۇمىنىمۇ

10. كۆچۈر تكۈز دۇق ..............................

..............................................................

21. يەنە بۇ بۇياننى (ساۋابنى) ئەڭ ئاۋال بېغىشلايد-

22. مىز، تەڭرى بۆكۈئېل بىلگە ئارسلان تەڭرى

23. ئۇيغۇر تەركەنىمىز (خانىمىز) ئالىلىرىغا. (ئۇ)، مەدھىيەلەشكە ئەرزىيدىغان

24. ئون ئۇيغۇر ئېلى، ئوتتۇز شاھزادە ئوغلانى، توققۇز

25. ئەلچى-ئەقىلدارى، مىڭ تېۋىنىدىغان، تۈمەن

26. (ئوردا) ئىچىدىكىلىرى بىلەن بىللە مىڭ تۈمەن يىلغا

27. قەدەر ئەلنى ئىدارە قىلىپ كۈللەتسۇن.

... ... ...

... ... ...

بۇددىزم ئەقىدىسى بويىچە بۇددا نوملىرىنى كۆچۈرۈش ۋە ھەيكەل (بۇت) بېزىتىش (بۇت-ھەيكەللەرنى ياسىتىش ياكى بۇرخان رەسىملىرىنى سىزغۇزۇش)، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى ياسىتىش قاتارلىقلار بىر خىل ساۋابلىق ئىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ دىني ئېتىقادى، چۈشەنچىسى ۋە دۇنيا قارشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە.

بۇ نۇسخىنىڭ 1-، 3-، 10-، 12-، 16-، 20-، 23-، 25-بۆلۈملىرىنىڭ (پەردىلىرىنىڭ) ساقلىنىپ قالغان ئاخىرقى ۋاراقلىرىدىكى خاتىمىلەردە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت» نىڭ قايسى تىللاردىن ۋە كىملەر تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن: 3-بۆلۈمنىڭ خاتىمىسى مۇنداق چۈشۈرۈلگەن:

19. alku xasatarlarïq ətkürmix tüpkərmix

20. vaybax xastr boxqunmïx aryaqintri bodis(a)va)t

21. kxi aqari ənətkək tilintin tohri tilinqə

22. yaratmïx prtarakxit (k)rmavazik tohri

23. tilintin türk tilinqə əvirmix maytri si-

24. mit nom bitigdə aniruti arhantnïŋ
25. avdani atlïq üqünq ülüx tükədi

تەرجىمىسى:

19. بارلىق شاسترلارنى پىششىق ئىگىللىگەن ۋە تەتقىق قىلغان،
20. ۋايباش شاسترنى ئۆگەنگەن ئارياچىنترى بودىساتۋا
21. ئۇستاز ئەنەتكەك تىلىدىن (سانسكرىت تىلىدىن) توخرى تىلىچە
22. ياراتقان (ئىجاد قىلغان)، پرتاراكشىت كرماۋاژىك توخرى
23. تىلىدىن تۈرك تىلىغا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا) تەرجىمە قىلغان مايترى سى-
24. مىت نوم پۈتۈكتە ئانىرۇتى ئارخانتنىڭ
25. ئاۋدانى (تەمسىلى) ئاتلىق ئۈچىنچى بۆلۈم تۈگىدى.

دېمەك، ئالدى بىلەن سۇلمىلىق (قارا شەھەرلىك) ئارياچانترى بۇ ئەسەرنىڭ سانسكرىت تىلىدىكى نۇسخىسىغا ئاساسەن، توخرى تىلىدىكى نۇسخىسىنى ئىجاد قىلغان. پرتانراكشىت توخرى تىلىدىكى ئىجادى نۇسخىغا ئاساسەن، تۈرك تىلىغا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا) تەرجىمە قىلغان.

يۇقىرىدا، «مايترى سىمىت» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى باشقا نۇسخىلىرىمۇ بارلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدۇق. گېرمانىيىلىك مۇتەخەسسىس گابايىن (A·v·Gabain) نىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىدىن يەنە 6 سى بارلىقى مەلۇم. بۇ 6 نۇسخىنىڭ 2 سى سىڭگىمدىن، 2 سى مۇرتۇقتىن تېپىلغان بولۇپ، قالغان 2 سى قەيەردىن تېپىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. گابايىن 1957-يىلى مايىنتس (Mainz) پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان پارچە ۋاراقلارنىڭ (113 ۋاراق) فوتو نۇسخىسىنى ئېلان قىلدى. 1961-يىلى، ئۇ يەنە بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان پارچە ۋاراقلارنىڭ (114 ۋاراق) فوتو نۇسخىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇ «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى» دېگەن ئەسىرىدە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت» نى «ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشى دېيىش مۇمكىن» دەپ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت» نىڭ تەرجىمە قىلىنغان دەۋرى مەسىلىسىدە، يەنى بۇ ئەسەرنى پرتانراكشىت توخرى تىلىدىن تۈرك تىلىغا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا) قاچان تەرجىمە قىلغان دېگەن مەسىلىدە، چەت ئەللىك تەتقىقاتچىلار ۋە ئېلىمىز تەتقىقاتچىلىرى ئۆز كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. لېكىن بۇ ھەقتە بىرلىككە كەلگەن كۆز قاراش يوق. گېرمانىيىلىك لېكوك (A·v·LeCoQ) ئەسەرنىڭ سىڭگىم نۇسخىسىغا ئاساسەن، 8—9-ئەسىرلەر ئارىلىقىدا تەرجىمە قىلىنغان دەپ ھېسابلايدۇ. گابايىن 1957-يىلى ئېلان قىلغان ئەسىرىدە، سىڭگىم نۇسخىسىنى 9-ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن، تەرجىمە قىلىنغان دەۋرى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى دەپ ھېسابلايدۇ. فرانسىيىلىك خامىلتون 1958-يىلى «تۇڭباۋ» مەجمۇئەسىنىڭ 46-جىلدىدا، گابايىننىڭ ئەسىرىگە باھا بېرىپ يازغان ماقالىسىدا، ئەسەرنىڭ گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ خەت شەكلىنىڭ دۇڭخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازمىلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىغا ئاساسلىنىپ، تەرجىمە قىلىنغان دەۋرىنىڭ 10-

ئەسىرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. 1962 - يىلى پروفېسسور فېڭ جيا شېڭ «مەدەنىي يادىكارلىقلار» 7 — 8 - بىرلەشمە ساندا ئېلان قىلىغان ئەسەرنىڭ قۇمۇل نۇسخىسى توغرىسىدىكى ماقالىسىدا، 10 — 11 - ئەسىرلەر ئارىلىقىدا تەرجىمە قىلىنغان دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1970 - يىلى تۈركىيىلىك پروفېسسور سىناشى تېكىن «گېرمانىيە شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى خەۋەرلىرى» نىڭ 16 - ساندا ئېلان قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايترى سىمىت كىتابىنىڭ پۈتكەن دەۋرى» دېگەن ماقالىسىدا، گابايىن 1961 - يىلى ئېلان قىلغان فوتو نۇسخىنىڭ 219 - نومۇرلۇق ۋارىقىدا نامى تىلغا ئېلىنغان klanpatri (سانسكرىتچە kalyāṇabhadra دىن كەلگەن، «ئاق دىل ئەۋلىيا» ياكى «ئالىجاناب دانىشمەن» دېگەن مەنىدە)نى، تۇرپاندىن تېپىلغان، دەۋرى 767-يىلىغا توغرا كېلىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان ئىبادەتخانا تۈۋرۈكىگە ئىسمى يېزىلغان سەدىقىچى بىلەن بىر ئادەم ھېسابلايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ نۇسخىنىڭ خەت شەكلى ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ، 8 — 9 - ئەسىرلەر ئارىلىقىدا تەرجىمە قىلىنغان دەپ ھېسابلىدى. دوتسېنت گېڭ شىمىن 1980 - يىلى بۇ ئەسەرنى 10-ئەسىر ئەتراپىدا تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارىغانىدى. 1982 - يىلى ئۇ مۇنداق پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى: «بۇ ئەسەرنىڭ ھازىر ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ خەت شەكلىنىڭ بىر قەدەر قەدىمىي يازما خەت نۇسخىسى ئىكەنلىكىگە ئاساسەن، يەنە ئۆز زامانىسىدا قوچۇ رايونىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قوشۇلۇش ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ (بۇ رايوندىكى قەدىمكى قارا شەھەر تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلار 8 — 9 - ئەسىرلەردىلا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇرلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن)، بىز قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايترى سىمىت كىتابىنى ئەڭ كېچىككەندە 8 — 9 - ئەسىرلەر ئارىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن دەپ ھېسابلايمىز.»

تارىخچىلار مىلادى 5 - ئەسىردىن بۇرۇنلا تىيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلاردا نورغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بىز تەتقىق قىلىۋاتقان قۇمۇل نۇسخىسىنىڭ خېتى بىر قەدەر قەدىمىيراق يازما خەت شەكلىگە ئىگە بولۇپ، بۇ نۇسخىنى چۇ تاش يىگەن تۇتۇق قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە كۆچۈرتكۈزگەن. بۇ نۇسخىنى كۆچۈرتكۈزگۈچى مەيلى پرتانىراكشىت تەرجىمە قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تۇنجى نۇسخىدىن كۆچۈرتكۈزگەن بولسۇن، ياكى باشقا كۆچۈرمە نۇسخىلاردىن كۆچۈرتكۈزگەن بولسۇن، كۆچۈرمە نۇسخىنىڭ ۋاقتى جەھەتتىن تەرجىمە نۇسخىغا قارىغاندا كېيىن تۇرىدىغانلىقى ھەممىگە چۈشىنىشلىك. شۇڭا بىز بۇ ئەسەرنى 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارايمىز.

بىز ئەسەرنىڭ قۇمۇل نۇسخىسىنى رەتلەش، ترانسكرىپسىيە قىلىش جەريانىدا، بۇ ئەسەرنى تۈرك تىلىغا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا) تەرجىمە قىلغان پرتانىراكشىتنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى خاتىرىنى ئۇچراتمىدۇق. چۈنكى بۇ نۇسخا تېپىلغان چاغدىلا تولۇق بولمىغانلىقتىن، بۇ ھەقتىكى خاتىرە يېزىلغان ۋارىقى چىرىپ كەتكەن ياكى يوقالغان بولۇشى مۇمكىن. گابايىن گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان نۇسخىدىكى پرتانىراكشىتنى «il balïk» لىق دېگەن خاتىرىگە ئاساسەن، ئۇنى ئىلى رايونىدا تۇغۇلغان دەپ ھېسابلايدۇ. خامىلتون il balïk دېگەن جاي ئىسمىنى əl balïk دەپ ئوقۇشقا بولىدى

خانلىقىنى (شۇنداق ئۇقۇشقىمۇ بولىدۇ.- ئا.) ۋە ئۇنىڭ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى بولۇش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پىرتانىراكشىتنىڭ تەرجىمھالى توغرىلىق ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. لېكىن شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇ توخرى تىلىنى تولۇق بىلىدۇ، بولۇپمۇ تۈرك تىلىدا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا) يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولۇپ، ئەسەرنى توخرى تىلىدىن ئىجادىي مېھنەت سىڭدۈرۈپ يۇقىرى ماھارەت بىلەن تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئەسەرنىڭ تىلى راۋان ۋە گۈزەل، بەدىئىي ۋاسىتىلىرى خىلمۇ خىل بولۇپ، ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى ۋە يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى تەرجىماننىڭ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق تەرجىمان ۋە شائىر سىڭقۇ سەلىگە ئوخشاش يېتىلگەن تىل ئۇستىسى ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا بىز ئۇنى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر بۇددىست زىيالىيلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە سانسكرىتچە تەخەللۇس ياكى نام بېرىش ئادىتى بويىچە ئۆزىگە «پىرتانىراكشىت كىرماۋاژمىك» دەپ تەخەللۇس ياكى نام قويغان ئۇيغۇر بۇددا ئالىمى دەپ تەسەۋۋۇر قىلساق، ئارتۇقچە كەتمىسە كېرەك.

«مايتىرى سىمىت» بۇددىزمنىڭ ھىنايانا مەزھىپىگە مەنسۇپ ئەسەر بولۇپ، ئارياچانترى بۇ ئەسەرنىڭ سانسكرىتچە نۇسخىسىغا ئاساسەن، توخارچە نۇسخىسىنى ئىجاد قىلغان، يەنى سانسكرىتچىدىن توخرىچىغا ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن. توخرىچە نۇسخىلارنىڭ بىرىدە ئەسەرنىڭ نامى «Maitreya samiti nataka» (nataka «درامما» دېگەن مەنىدە) دەپ يېزىلغان. توخرىچە نۇسخىلاردا يەنە ۋەقەلىك ئورنى، پېرسوناژلار ۋە تەڭكەش قىلىنىدىغان كۈيلەر كۆرسىتىلگەن. دېمەك، ئەسەرنىڭ توخرىچە نۇسخىسىنىڭ سەھنە ئەسىرى ئىكەنلىكى چۈشىنىشلىك. قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخا بىلەن توخرىچە نۇسخىنى سېلىشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەر قەدىمكى ئۇيغۇرچىسىنىڭ توخرىچىسىغا مەزمۇن جەھەتتىن ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى، ئۇسلۇب جەھەتتىن پەرق قىلىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئەسەرنىڭ بىز تەتقىق قىلىۋاتقان قومۇل نۇسخىسىدا، ھەر بىر بۆلۈم (پەردە) نىڭ بېشىدا ۋەقەلىك ئورنىلا كۆرسىتىلگەن. ھەر بىر بۆلۈمنىڭ ئاخىرىدا، شۇ بۆلۈمنىڭ نامىمۇ كۆرسىتىلگەن. شۇنداق بولسىمۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايتىرى سىمىت» نىڭ توخرى تىلىدىكى سەھنە ئەسىرىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭ قومۇل نۇسخىسىنىڭ ھەر بۆلۈمىنىڭ بېشىدا ۋەقەلىك ئورنى كۆرسىتىلگەنلىكى، ھەر بىر بۆلۈمنىڭ ۋەقەلىكى كونكرېت ئوبرازلار ۋە ئۇلارنىڭ دىئالوگلىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسەرنىڭ نامى «مايتىرى سىمىت سۇدۇر (سۇترا)» دەپ يېزىلماي، بەلكى «مايتىرى سىمىت نوم بىتىگ» دەپ يېزىلغانلىقى (نوم بىتىگ — نوم پۈتۈك: كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھېكايە سۆزلەش ئارقىلىق دىن تەرغىپ قىلىنىدىغان ئەسەر دېگەن مەنىدە) ۋە بۇ ئەسەردە ئۇچرايدىغان «كۆرۈنچ» (كۆرۈنۈش) سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايتىرى سىمىت» نىڭ سەھنە ئەسىرى ئىكەنلىكىگە ئىسپات بولالايدۇ.

بىز تۆۋەندە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايتىرى سىمىت» قومۇل نۇسخىسىنىڭ بۇ كىتابقا ئېلىنغان «يۈكۈنچ» بۆلۈم ۋە 1-، 2-، 3-، 4-بۆلۈملىرىنىڭ (پەردىلىرىنىڭ) قىسقىچە مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

«يۇكۇنچ» بۆلۈم جەمئىي 14 ۋاراق (28 بەت) بولۇپ، بۇ نۇسخىدا ئالدىنقى 3 ۋاراق بىلەن 13 — ۋاراق (جەمئىي 8 بەت) كەم. ساقلىنىپ قالغان 10 ۋاراق ئىچىدە، 2 ۋاراقنىڭ ۋاراق سانى يېزىلغان ئورنى كەمتۈك بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بىز بۇ بۆلۈمنىڭ ترانسكرىپسىيە ۋە تەرجىمىسىنى ئىشلەپ چىققاندىن كېيىن، سېلىشتۇرۇش، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، بىر ۋاراقنىڭ بۇ بۆلۈمنىڭ 5 - ۋارىقى، يەنە بىر ۋاراقنىڭ 14- ۋاراق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتۇق. بۇ بۆلۈمدە، ئوبرازلىق، قىزىقارلىق تەمسىللەر ئارقىلىق تەڭرى بۇرخان (شاكيامۇنى) نىڭ ئىلاھلىق كارامەتلىرى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن. مەزمۇن ۋە ئىشلىتىلگەن دىنىي ئاتالغۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇددىزىم ھىنايانا مەزھىبىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى خېلى تەپسىلى شەرھلەنگەن. قەدىمكى ھىندىستان، كۇسەن (كۇچا)، سۇلمى (قاراشەھەر) لەردىكى ئاتاقلىق بۇددىست ئۇستازلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈلگەن، شۇنىڭدەك بۇ نۇسخىنى كۆچۈرۈتكۈزگۈچىنىڭ بۇ ئىشنىڭ ساۋابىنى خان ۋە ئۇنىڭ جەمەتىگە، ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، بالا - چاقىلىرىغا بېغىشلايدىغانلىقى ۋە ياخشى تىلەكلىرى بايان قىلىنغان. قىسقىسى، بۇ نۇسخىنىڭ كىرىش سۆزى ھېسابلانغان بۇ بۆلۈم قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي چۈشەنچىسى، پەلسەپىۋى ۋە ئەخلاقىي كۆزقارىشىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىپلا قالماي، بەلكى تەتقىقاتچىلارنى تارىخ، مەدەنىيەت تارىخى ۋە دىن تەتقىقاتىغا دائىر مۇھىم ماتېرىياللار بىلەنمۇ تەمىن ئېتىدۇ.

بىرىنچى بۆلۈم (پەردە) جەمئىي 16 ۋاراق (32بەت) بولۇپ، بۇ نۇسخىدا 8 -، 11 - 12 - ۋاراقلار كەم. قالغان ۋاراقلىرى ئىچىدە ئاخىرقى 4 ۋاراق ئاساسەن تولۇق ساقلانغان، ئالدىنقى ۋاراقلىرىنىڭ ساقلىنىشى ياخشى ئەمەس، يىرتىلغان ۋە كەمتۈك بولۇپ قالغان جايلىرى كۆپ. بۇ بۆلۈم (پەردە) نى مەزمۇن جەھەتتىن ئىككى كۆرۈنۈشكە ئايرىشقا بولىدۇ. باشتا «ئەمدى بۇ نوملۇق سۆزنى ئاڭ ماگىت ئېلىدىكى راچاگرى شەھەر دۆلىتىدىن ئۇقۇش كېرەك.» دېگەن ۋەقەلىك ئورنى كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، ۋايشىرۋانى ماھاراجىنىڭ قول ئاستىدىكى 3 سەركەردىنىڭ دىئالوگلىرى ئارقىلىق 1 - كۆرۈنۈش باشلىنىدۇ. ئۇلار كۆك ئاسماندىكى يولدىن ئۇچۇپ كېلىۋېتىپ، شاكيامۇنى بۇرخان بەختىنى تاپقاندىن كېيىن (بۇددالىققا يەتكەندىن كېيىن) ماگىت ئېلىدىكى پاساڭ تاغدا نوم نوملاۋاتقانلىقىنى، بىرمۇنچىلىغان كىشىلەرنىڭ ئۆي - ۋ.ق.لىرىنى تاشلاپ بۇددا دىنى راھىبى بولغانلىقىنى، مايتىرىنىڭمۇ پات ئارىدا ئۇستازى بادارى براھمان بىلەن خوشلىشىپ پاساڭ تاغقا تەڭرى بۇرخان يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ شاگىرتى بولىدىغانلىقىنى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مايتىرى تىرىسىن بولىدىغان كۈندىكى كاتتا مۇراسىمىنى كۆرۈش ئۈچۈن كېتىۋاتقانلىقىنى سۆزلىشىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭمۇ شۇ مۇراسىمنى كۆرۈشكە كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ يۈرۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1 - كۆرۈنۈش ئاياقلىشىدۇ. 7 - ۋاراقنىڭ ئالدى بېتىنىڭ 20 - ،22 - قۇرلىرىدا «ئەمدى بۇ نوملۇق سۆزنى داكسانا پات ئەلدىكى بادارى دانا براھماننىڭ ... يېرىدىن ئۇقۇش كېرەك.» دېگەن ۋەقەلىك ئورنى كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، 2 - كۆرۈنۈش، بادارى براھمان ئۆزىنىڭ 500 شاگىرتىنى ئەتراپىغا ئېلىپ، مايتىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ سۆزلىگەن ھالدا باشلىنىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشتە ئاساسلىقى، بادارى براھمانغا تەڭرى بۇرخان شاكيامۇنىنى كۆرۈش تۇغ-

رىلىق تەڭرى ئەلچىسىدىن ۋەھىي كەلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بىر كۈنى كېچىدە، تەڭ-
رى ئەلچىسى پۇرناباترى تەڭرىنىڭ زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرىدىن نۇر چاقنىتىۋاتقان ھالدا
بادارىغا كۆرۈنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا شاكىيامۇنىنى بۇددا بولۇشىنىڭ ئالدى-كەينىدە بولۇپ
ئۆتكەن ئاجايىپ ئىشلار توغرىلىق سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنى شاكىيامۇنىنىڭ يېنىغا بېرىشقا دەۋەت
قىلىدۇ. بادارى شاكىيامۇنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلسىمۇ، بىراق
ئۆزىنىڭ ياشىنىپ، كېسەلچان بولۇپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ
تەڭرى بۇرخاننى كۆرۈشكە بارالمايدىغانلىقىدىن ھەسرەت چېكىدۇ. پۇرناباترى ئۇنىڭغا
تەڭرى بۇرخاننىڭ قۇتقۇ-
سالامەتلىكىنى ئاسراش كېرەكلىكىنى، ئۈمىدسىزلەنمەسلىكىنى، تەڭرى بۇرخاننىڭ قۇتقۇ-
زۇشقا تېگىشلىك دەپ ھېسابلانغان جانلىقلار مەيلى قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر
ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ كۆزدىن غايىپ
بولىدۇ. تاڭ ئاستا-ئاستا يورۇشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن 2-كۆرۈنۈش ئاياغلىشىدۇ. ئاخىرى-
دا، «مايترى سىمىت نوم بىتىگ»تە بادارى براھماننىڭ نەزىر قىلىشى ئاتلىق بىرىنچى
بۆلۈم تۈگىدى. دېگەن جۈملە ئارقىلىق بۇ پەردىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى ئۇقتۇرۇلىدۇ.

ئىككىنچى بۆلۈم (پەردە) جەمئىي 17 ۋاراق (34 بەت) بولۇپ، بۇ نۇسخىدا 4
ۋاراق (3-ۋە 14.— 16-ۋاراقلار) كەم. بۇ پەردە 1-پەردىگە بەكمۇ تەبىئىي ئۇ-
لانغان بولۇپ، باشتا «ئەمدى بۇ نوملۇق سۆزنى بادارى براھماننىڭ ئۆيىدىن ئۇقۇش
كېرەك.» دېگەن ۋەقەلىك ئورنى كۆرسىتىلىدۇ. ئاندىن كۆرۈنۈشلەر (بۇ پەردىنى مەزمۇن
جەھەتتىن 4 كۆرۈنۈشكە ئايرىشقا بولىدۇ) باشلىنىدۇ، 1-كۆرۈنۈشتە، بادارىنىڭ مەي-
رى باشچىلىقىدىكى 16 شاگىرتى تاڭ سەھەردە ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. ئۇلار ئۇستا-
زىدىن ھال-ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ تەڭرى بۇرخان شاكىيامۇنى-
نىڭ قېشىغا بېرىپ بۇددا دىنى تۈزۈمى (راھىبى) بولماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئىجا-
زەت سورايدۇ. بادارى كېچىدە ئۆزىگە تەڭرى ئەلچىسىدىن ۋەھىي كەلگەنلىكىنى، ئۇزۇن
يوللارنى بېسىپ تەڭرى بۇرخان ئالدىغا بېرىشقا سالامەتلىكى يار بەرمەيدىغانلىقىنى
ئېيتىدۇ ۋە ئۇلارغا تەڭرى بۇرخاننىڭ 32 تۈرلۈك بەخت-سائادەتلىك بەلگىسىنى
بىرمۇ بىر ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇلارغا شاكىيامۇنىنىڭ قېشىغا بارغاندا، ئالدى بىلەن ئۇ ئىش
32 تۈرلۈك بەلگىگە سەپسېلىشنى كېرەكلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىن قېيىن مەسىلەر
توغرىسىدا سوئال سوراپ كۆرۈشلىرىنى، ئەگەر ئۇنىڭ 32 تۈرلۈك بەلگىسى تولۇق بول-
سا ۋە ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا تولۇق-توغرا جاۋاب بېرەلىسە، ئاندىن ئۇنىڭ شاگىرتى
بولسا بولىدىغانلىقىنى جېكىلەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار ئۇستازىغا ئۆزرىخالىق
ئېيتىپ خوشلىشىپ چىقىپ كېتىدۇ. 2-كۆرۈنۈشتە، مايترىنىڭ ئۇستازى بادارىنى تاش-
لاپ، تەڭرى بۇرھان يېنىغا بارماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان خەلقلەر تەردىپ تە-
رەپتىن يىغىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار مايت-
رىغا: «ئەي قۇت تەڭرى، براھمانلارنىڭ پاكى، ئەزرۇئا تەڭرىسى، بارلىق ئۈمىد — ئى-
شەنچىسىز جانلىقلارنىڭ ئۈمىد-ئىشەنچى، پۈتكۈل داكساناپات ئېلىنىڭ ئىپتىخارى،
سىز بىزنى تاشلاپ نەگە كەتمەكچى بولۇۋاتىسىز؟!» دەپ ھەسرەت چېكىدۇ. مايترى
ئۇلارغا، بۇ ئالەمنىڭ قانۇنى شۇنداق ئىكەنلىكىنى يەنى ئورۇن زامانلاردىن بېرى،
جانلىقلار ئامراقلىق شادلىقىغا چۆمۈپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن خۇددى شورسۇ ئىچ

گەندەك قانمايدىغانلىقىنى، ھامان بىر كۈنى ئامراقلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مېھرىبان ئاتىلاردەك ئۇلارنى بەزلەيدۇ، تەسەللىي بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى ھەسرەت چەكمەي ئۈمىدۋار بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇلار مايترىنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلىنىدۇ. مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن كىشىلەر قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئاتا ـ ئانىلىرىنى، ئۆي-ۋاقىلىرىنى تاشلاپ، مايترىغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ. 3 ـ كۆرۈنۈشتە سەپەر ئەھۋالى سۈرەتلىنىدۇ. مايترى قاتارلىقلار سەپەر جەريانىدا، نۇرغۇنلىغان شەھەرلەردىن ئۆتىدۇ ۋە ئۇ يەرلەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر مايترىغا ئەگىشىدۇ. ئۇلار ئورمانلىقلار ۋە داللاردىن ئۆتكەندە، ئارسلان، يولۋاس، پىل قاتارلىق ھايۋانلار كۆندۈرۈلگەندەك يۇۋاشلىنىدۇ. پىللار خارتۇملىرى بىلەن نىلۇپەر گۈلنى يۆگەپ ئېلىپ، مايترىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. ئارسلان، يولۋاسلار يەر بېغىرلاپ يېتىپ، مايترىنىڭ تاپىنىنى يالاپ ئۆز گۇناھلىرىغا تۆۋە قىلىدۇ، ئاخىرىدا، مايترى قاتارلىق كىشىلەر قاتمۇقات خەتەرلىك، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، پاساك تاغقا يېتىپ كېلىدۇ. قىسقىسى، بۇ كۆرۈنۈشتە مايترىنىڭ كەلگۈسى بۇرخان بولۇشقا مۇناسىپ كېلىدىغان ئىلاھلىق كارامەتلىرىدىن ئالدىن بىشارەت بېرىلىدۇ. 4 ـ كۆرۈنۈش، تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان پاساك تاغدا تەڭرىلىك جامائەت ئارىسىدا، ئارسلانلىق تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، نوم نوملاۋاتقان ھالدا باشلىنىدۇ. مايترى قاتارلىقلار بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مايترى ئالدى بىلەن بۇرخاننىڭ 32 تۈرلۈك بەلگىسىگە سەپسالىدۇ. ئۇنىڭ 32 تۈرلۈك بەلگىسىنى ئېنىق كۆرگەندىن كېيىن، مايترى قاتارلىق شاگىرتلار ئەڭ ئېسىل سۆزلەر بىلەن بۇرخانغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ. ئاندىن ھەرقايسىسى ئۆز كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن قىيىن مەسىلىلەر توغرىسىدىكى سوئاللىرىنى سورايدۇ. تەڭرى بۇرخان ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا ناھايىتى تولۇق ۋە توغرا جاۋاب بېرىدۇ. مايترى قاتارلىقلار بەكمۇ قايىل بولۇپ ئۇنىڭغا باش ئۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. شۇ ھامان ئالەم 6 تۈرلۈك تەۋرەيدۇ. پۈتۈن كۆك يۈزىنى تەڭرىلەر قاپلايدۇ. پاساك تاغدىن كەلگەن «ئالىيجاناب مايترى تەڭرى بۇرخان نومىدا (دىنىدا) تۇيسىن بولدى» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ تەنتەنە سادالىرى ھەممە يەردە ياڭرايدۇ. پۈتۈن جانلىقلار شادلىققا چۆمىدۇ. ئاخىرىدا، تەڭرى بۇرخان مايترى باشچىلىقىدىكى 40 تۈمەن يېڭى تۇيسىنغا يارلىق قىلىپ، تەن، تىل، دىل بىلەن ياخشى ئىش قىلىپ، ساۋاب ـ دىيانەت تېپىشنى، بۇرخان يارلىقىنى ئورۇنلاشقا تىرىشىپ، نىرۋانلىق يولغا مېڭىشنى، ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا پايدىلىق ئىشلارغا سەگەك بولۇشنى تاپىلايدۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ باشقا جانلىقلارنى قۇتۇلدۇرغىلى بارىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

2- پەردە «مايترى سىمىت نوم پۈتۈكتە مايترى بودىساۋاتنىڭ تۇيسىن بولۇشى ئاتلىق ئىككىنچى بۆلۈم تۈگىدى.» دېگەن جۈملە بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

ئۈچىنچى بۆلۈم (پەردە) نىڭ ساقلىنىپ قالغىنى 13 ۋاراق (26 بەت). بۇنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى 5 ۋاراق خېلى پۈتۈن ساقلانغان. بۇ بۆلۈم (پەردە) دە ئاساسەن، شاكيامۇنىنىڭ ھامىيسى ۋە ئىنىكئانىسى ماھاپرجاپاتى گائۇتامى خاتۇننىڭ بۇرخان شاكيامۇنىغا ئالتۇن رەڭلىك بۆز توقۇش ۋەقەسى سۆزلەنگەن بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن ئىككى كۆرۈنۈشكە ئايرىشقا بولىدۇ. باشتا «ئەمدى بۇ نەزملىق سۆزنى كاپىلاۋاستۇ شەھىرىدىكى

نىگۇدارام ئاتلىق ساگرام (ئىبادەتخانا) دىن ئوقۇش كېرەك.» دېگەن ۋەقەلىك ئورنى كۆرسىتىلىدۇ. 1 ـ كۆرۈنۈش گائۇتامى خاتۇننىڭ دىدىكى پاتىنى قىزنىڭ تەڭرى بۇرخاننىڭ كاپىلاۋاستۇ شەھىرىگە قاچان يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى سوراش ئۈچۈن نىگۇدارام ساگرامغا كەلگەنلىكى بىلەن باشلىنىدۇ. ئىبادەتخانىدىن بىر ئايال چىقىپ، ئۇنىڭدىن نېمە ئىشقا كەلگەنلىكىنى سورايدۇ. ئۇ ئۆزىنى گائۇتامى خاتۇننىڭ خەۋەر ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ يەنە گائۇتامى خاتۇننىڭ سۈزۈك كۆڭۈل بىلەن ئامراق ئوغلىغا تون تىكىپ كىيدۈرىمەن دەپ، ئۆز قولى بىلەن ئۇرۇق چېچىپ، ئوت ئوتاپ، پاختا تېرىپ، يىپ ئىگىرىپ ئالتۇن رەڭلىك بوز توقۇپ چىققانلىقىنى؛ شاكيامۇنى يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا شۇ بوزدىن تىكىلگەن توننى تۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ سۆزلىرىدىن يەنە تەڭرى بۇرخاننىڭ نومىنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولالمىغان شاكى ئۇرۇغىدىكى ئەرلەرنىڭ ئاياللىرىنى 5 خىل ئەيىبى بار دەپ كەمسىتكەنلىكى، تەڭرى بۇرخاننىڭ ئاياللارغىمۇ نوم نوملاپ، ئۇلارنى 5 خىل پەزىلەتكە ئىگە دەپ ماختىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ ئىككى ئايال قىزىق سۆزلىشىۋاتقاندا، ياسودارا خاتۇننىڭ دىدىكى كىرىپ كېلىپ، ئۆزىنى خوجايىنىنىڭ خەۋەر ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنلىكىنى، ياسودارا خاتۇننىڭمۇ بوز توقۇپ پۈتتۈرۈپ، تەڭرى بۇرخاننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇ ئارىدا ئۇلار شاكى ئۇرۇقىدىكى بەگلەرنىڭ شاكيامۇنىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تەڭرى بۇرخاننىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن مېڭىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1 ـ كۆرۈنۈش ئاياغلىشىدۇ. 2-كۆرۈنۈش گائۇتامى خاتۇن شاكى ئۇرۇقىدىكى 500 ئايالنى ئەتراپىغا ئېلىپ، ئالتۇن رەڭلىك، بوز تونىنى قولىدا تۇتۇپ، ياسودارا خاتۇنغا سۆزلىگەن ھالدا باشلىنىدۇ. ئۇلار ئۇزۇن ئۆتمەي تەڭرى بۇرخان بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئۆز سوۋغىلىرىنى تۇتىدىغانلىقىدىن ھاياجانلىنىدۇ، شادلىققا چۆمگەن ھالدا ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىرىگە ئالىدۇ. ئاندىن ئۇلار تەڭرى بۇرخاننىڭ خۇددى قۇياشتەك نۇر چاقنىتىپ، شاكى ئۇرۇقىدىكى بەگلەرنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. گائۇتامى خاتۇن ئۆزى تىككەن تونىنى تەڭرى بۇرخانغا تۇتىدۇ. ئۇ نۇرغۇن چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئۆزىنىڭ قولىنى قايتۇرماسلىقنى سورايدۇ. تەڭرى بۇرخان ئۇنىڭغا بۇ تونىنى باشقا راھىپ جامائەسىگە سەدىقە قىلىشنى، ئۇنىڭ ئايلىنىپ مايترى قولىغا تېگىدىغانلىقىنى، ئاندىن مايترى ئۆزىگە تۇتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ سوۋغىسىنى ئېلىشنى رەت قىلىدۇ. گائۇتامى خاتۇن ئۆز سوۋغىسىنى قوبۇل قىلىشنى قايتا ـ قايتا ئۆتۈنۈپ سورايدۇ. شاكى ئۇرۇقىدىكى بەگلەرمۇ شاكيامۇنىغا گائۇتامى خاتۇننىڭ ئۇنى كىچىكىدىن باققانلىقىنى ئەسلىتىپ، تونىنى قوبۇل قىلىشنى ئۆتۈنىدۇ. تەڭرى بۇرخان سىلىق سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرىدۇ ۋە باشقىلارغا سەدىقە قىلىپ بېرىشنىڭ ساۋابلىق، پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بودا دىنى نەزەرىيىسى بويىچە شەرھلەپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقىلار چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، كۆڭۈللىرى يورۇيدۇ. 2 ـ كۆرۈنۈش مۇشۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

3 ـ پەردە «مايترى سىمىت نوم پۈتۈكتە ئانىرۇتى دارخاننىڭ ئاۋدانى (تەمەسلى) ئاتلىق ئۈچىنچى بۆلۈم تۈگىدى.» دېگەن جۈملە ئارقىلىق تاماملىنىدۇ.

تۆتىنچى بۆلۈم (پەردە) ئالدىنقى پەردىلەردەك ياخشى ساقلىنىپ قالالمىغان. ئۇ-
نىڭ باش ۋە ئاخىرقى ۋارىقى كەم بولغاچقا، ۋەقەلىك ئورنى بىلەن خاتىمىسى ئېنىق
ئەمەس. ساقلىنىپ قالغان 14 ۋارىقى تىتىلىپ پارچىلىنىپ كەتكەنلىكتىن نۇرغۇن سۆز-
لەرنىڭ ئورنى يوقالغان. شۇڭا مەزمۇن جەھەتتىن تولۇق يورۇتۇپ بېرىشمۇ قىيىنراق، شۇنداق
بولسىمۇ، بۇ پەردىنى مەزمۇن جەھەتتىن 2 كۆرۈنۈشكە بۆلۈشكە بولىدۇ. 1 - كۆرۈنۈش، تەڭرى
بۇرخانىنىڭ ئۆزىنىڭ بىر شاگىرتى بىلەن سۆزلىشىشىدىن باشلىنىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشتە ئاسا-
سلىقى مايترىنىڭ تۇنىغا بېشىنى پۈركەپ، بۇرخان بەختىگە (بۇددالىققا) ناھايىتى تەستە
ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشكۈر ئويلاپ دىيانىغا ئولتۇرغانلىقى؛ بۇرخانىنىڭ ئەڭ
ئۈتكۈر ھىسابلانغان موتكالايان ئارخانىت قاتارلىق ئىككى شاگىرتى پۈتۈن ئەقىل-
پاراسىتىنى ئىشلىتىپمۇ ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلەلمىگەنلىكى ھەم ئۇنى دىياندىن ئويغىتال-
مىغانلىقى، تەڭرى بۇرخان مايترىنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنى نۇرغۇنلىغان جانلىقلارغا ئېيى-
تىپ بېرىش، كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىدىغان ۋاقتىنىڭ يېقىنلاش-
قانلىقىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن، موتكالايان ئارخانىتقا يارلىق بەرگەنلىكى، موتكالايان
سومىر تاغقا چىقىپ، تەڭرى بۇرخانىنىڭ ئون تەرەپتىكى شاگىرتلىرىنى ئارىسىۋىدان
ئىبادەتخانىسىغا يىغىلىشقا چاقىرغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. 2 - كۆرۈنۈشتە، ئون تەرەپتىكى
40 تۈمەن ئارخانىتنىڭ ئارىسىۋىدان ئىبادەتخانىسىغا يىغىلغانلىقى، تەڭرى بۇرخانىنىڭ
8 تۈمەن خىل يورۇقلۇق چىقىرىپ پۈتكۈل يەر جاھاننى يورۇتقانلىقى، بۇ خىل كارا-
مەتكە ھەيران قالغان تەڭرىلەر بىلەن باشقا جانلىقلارنىڭمۇ ئىبادەتخانىسىغا توپلانغان-
لىقى، تەڭرى بۇرخانىنىڭ ئاي بىلەن كۈنگە ئوخشاش نۇر چاقنىتىپ، ئارسلانلىق تەختى-
گە چىقىپ، سارىپۇترى ئارخانىتقا يارلىق قىلغانلىقى، ئەڭ كۈچلۈك شاگىرت ھېساب-
لانغان سارىپۇترىنىڭمۇ مايترىنى دىياندىن ئويغىتالمىغانلىقى، ئاخىرىدا تەڭرى بۇرخان
تونىنىڭ يېڭىدىن قولىنى چىقىرىپ، بارماقلىرىنى سوقۇپ مايترىنى دىياندىن ئويغاتقان-
لىقى، ئاندىن شاگىرتى ئانانداغا گائۇتامى خاتۇنىنىڭ بۆزىنى تويىنلارغا تۇتۇشنى بۇيى-
رۇغانلىقى، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بۆزنى ئېلىشقا ئۆزىنى مۇناسىپ كۆرمىگەنلىكى،
نۆۋەت مايترىغا كەلگەندە بۆزنى ئېلىپ بۇرخانغا تۇتقانلىقى، بۇرخان ئالتۇن رەڭلىك
بۆز تونىنى كىيىپ، كەلگۈسىدە مايترى ئاتلىق ھەممە نەرسىلەرنى ئۇقىدىغان بۇرخانىنىڭ
مەيدانغا چىقىدىغانلىقىنى جاكالىغانلىقى، مايترى سانسار ئىچىدىكى بارلىق جانلىقلارنى
قۇتقۇزۇش ئارزۇسىنى بىلدۈرگەنلىكى، تەڭرى بۇرخان مايترىنى ئىززەتلەپ ئۆزى-
نىڭ نىرۋانغا بارماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، مايترىنىڭ كەلگۈسىدە بارلىق جانلىقلار-
نىڭ ياخشى يول باشلىغۇچىسى بولۇشىنى ئۈمىد قىلغانلىقى راۋان تىل، گۈزەل
تەسۋىر، ئوخشىتىشلار ئارقىلىق تەسىرلىك بايان قىلىنغان.

بىز بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشتا، ئۇيغۇر يېڭى يېزىق ھەرپلىرى ئاساسىدا
ئىشلەنگەن ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرىنى ئىشلەتتۇق. بۇ بەلگىلەر مۇنۇلار (تىرناق ئىچى-
دىكى مەزكۇر بەلگىنىڭ خەلقئارا ترانسكرىپسىيىدىكى تەڭدىشى):

| | | | |
|---|---|---|---|
| a[α] | [b]b | [d]d | ə[e] |
| [g]g | h[x] | i[i] | ï[I] |
| k[k] | l[l] | m[m] | n[n] |

| | | | |
|---|---|---|---|
| o[o] | p[p] | q[c] | r[r] |
| s[s] | t[t] | u[u] | v[v] |
| x[ʃ] | y[j] | z[z] | ɋ[ʀ] |
| k[q] | ə[ɛ] | ɵ[ϕ] | ü[y] |
| ʒ[ʒ] | η[η] | | |

تىرانسكرىپسىيەدىكى «..» (ئىككى چېكىت) ئەسلى ئەسەردە ئىشلىتىلگەن تى-
نىش بەلگىنى كۆرسىتىدۇ. كۆپ چېكىت ئەسلى ئەسەردە يوقالغان سۆز ياكى تاۋۇشلار-
نىڭ ئورنىنى كۆرسىتىدۇ. تىرناق ئىچىدىكى سۆز ياكى تاۋۇشلار ترانسكرىپسىيەدە
ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن سۆز ياكى تاۋۇشلارنى كۆرسىتىدۇ. ترانسكرىپسىيە بىلەن تەرجى-
مە ئەسلى ئەسەردىكى خەتلەرنىڭ قۇر سانىغا ئاساسەن بېرىلدى. تەرجىمىنىڭ چۈشى-
نىشلىك بولۇشى كۆزدە تۇتۇلۇپ، قىسمەن قۇرلاردىكى سۆزلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇل-
دى. قوشۇلغان سۆزلەر تىرناق ئىچىگە ئېلىندى.

بۇ كىتاب نەشرگە بېرىلىشتىن ئىلگىرى، مۇئاۋىن تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئوسما-
نوۋ ترانسكرىپسىيەنى كۆرۈپ چىقىپ قىممەتلىك پىكرىنى بەردى. يولداش خاۋگۇەن-
جۇڭ بىلەن ياڭ جىنشىياڭ خەنزۇچە تەرجىمىنى كۆرۈپ چىقىپ، بەزى خەتلەرنى تۈ-
زىتىۋېلىشىمىزغا ياردەملەشتى. يولداش گۇلشەن ۋاھىت سۆزلۈكلەرنى كارتىغا ئېلىشقا
ياردەملەشتى. بىز بۇ يولداشلارنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ، بىزنىڭ ئىشىمىزغا
قىزغىنلىق بىلەن ياردەم بەرگەنلىكىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

## A

## يۇكۈنچ بۆلۈم*(مۇقەددىمە) تۆتىنچى ۋاراق

ئۇلۇستىكى (1) ئاداسىنى ئىلىك بەگنى قورقۇتۇپ قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، چىرايى سۈرلۈك يولۋاس قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئۆز ۋۇجۇدىنى يولۋاس (تەقلىتىدە) كۆرسىتىپ (ئۇنى) قۇتقۇزۇپ قويدى. يالىڭاچ يۈرىدىغان، تەرس نومۇلۇغ (2) دىنتار (3) لارنى قوتقۇزۇش ئۈچۈن ئار-نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، يالىڭاچ تونسىز چوپان (قىياپىتىگە كىرىپ)، ئۇلار بىلەن قېتىلىپ يۈرۈپ، (ئۇلارنى) قۇتقۇزۇپ قويدى. يەنە بىر چاغدا ئېغىر ئاياق ھامىلدار پادىچى قىزى قېتىق ساتقىلى شەھەرگە كېتىۋاتاتتى، يېرىم يولدا ئۇغۇل (بالا) تولغىقى تۇتۇپ قالدى. (ئۇ) ئاغزى قۇرۇپ، كۆزى تەلمۈرۈپ، ئانىسىنى قىچقىرىپ، يىغا-زارە قىلىۋاتاتتى. تۆگەل بىلگە (ھەممىگە قادىر) تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان (4) ئۇنىڭ ئاۋازىنى كۆرۈپ چىدىيالماي (ئۇنىڭ) ئانىسىنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ، ئىللىق-يۇمشاق سۆزلەر بىلەن (تەسەللى بېرىپ) مۇقەددەس قولى بىلەن تۇغۇت ئانىسى (5) ئىشىنى ئىشلەپ، بوۋاقنى يۇيۇپ (ئۇلارنى) ئامان-ئېسەن شەھەرگە يەتكۈزۈپ قويدى. ئاندىن يەنە ئىنچىكە يىپ ئىگىرگۈچى تەكەببۇر كۆڭۈللۈك ئاياللارنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى بېسىش ۋە تارقىتىش ئۈچۈن مەلىكىلەر قىياپىتىگە كىرىپ، مۇبارەك قولى بىلەن يىك تۇتۇپ، يىپ ئېگىردى. يەنە مەغرۇر، قاتتىق كۆڭۈللۈك ساسچى (6) ئەرنىڭ مەغرۇرلۇقىنى تۈگىتىش ئۈچۈن مۇقەددەس ۋۇجۇدىنى ساسچى قىياپىتىگە كىرگۈزۈپ، ساسلىقىقا كىرىپ، كوزا ياساپ ئولتۇردى. كانتار ئېلىدىكى پۇسكاراسارى (7) ئىلىك بەگنىڭ تاغ تۇمشۇقىدەك (غادىيىۋالغان) تەكەببۇرلۇقىنى، يىمىرىش ئۈچۈن ئۇلۇغ قېرى راھىپ قىياپىتىگە كىرىپ،

* يۈكۈنچ بۆلۈم — ئەسلى تېكىستتە «يۈكۈنچ ئۈلۈش» بولۇپ، «يۈكۈنچ» — يۈكۈنىدىك، چوقۇنماق، «ئۈلۈش» — بۆلۈم، قىسىم، باپ دېگەن مەنىدە

B

(يۈكۈنچ بۆلۈم تۆتىنچى ۋاراق)

ئون ئىككى بەرە (8) يەرگىچە پىيادە بېرىپ،
(ئۇنى) قۇتقۇزۇپ قويدى. ئاندىن يەنە
ئىنىسى نانتى (9) تېگىن (10) نى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن
ئانانتىرىس (11) گۇناھلىق مەخلۇققا ئوخشاش ئاۋىس(12)
دوزاخقا باردى. كىتۇرمانى (13) ئاتلىق
بىراھمان (14) ئوغلىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن
ئاي تەڭرى قىياپىتىگە كىرىپ، نىرم (15)
نەملاپ (ئۇنى) قۇتقۇزۇپ قويدى.
سۇپرىيى (16) (ئاتلىق) كانتارۋىلار (17) پادىشاھىنى
قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قوڭقاۋچى (سازەندە) قىياپىتىگە
كىرىپ، قوڭقاۋ (18) چېلىپ (ئۇنى) قۇتقۇزۇپ قويدى.
بۇنىڭدىن باشقا كۆپ تۈرلۈك ئۇلۇغ
ساخاۋەتلىك ئەقىل-پاراسەت كۈچىدە سانسىز-تۈمەن
جانلىقلارغا پايدا مەنپەئەت يەتكۈزدى.
ئىككىنچى، سارۋاتىنا (19) ئاتلىق ئەقىل-پاراسەت
بىلەن پايدا مەنپەئەت يەتكۈزەمكى مۇنداق ئىدى: قۇتقۇ-
زۇلىدىغان جانلىقلارنىڭ كۆڭلى-كۆكسىنى، ماھىيىتىنى (ۋە)
قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى ئېنىق
كۆرەتتى. (يەنى) ئۇلارنىڭ كۆكسىدە
قۇتۇلۇشنىڭ ئۇرۇقى بار، ياكى يوقلۇقىنى
ئۇ (لار) نىڭ كۆڭلى-كۆكسىدە
قورقىدىغان ئەيمىنىدىغان ياخشى ماھىيەت زادى
تېپىلىدىغان ياكى تېپىلمايدىغانلىقىنى ۋە (ئۇلارنىڭ) قايسى دىيان سامار (20) كۈچىدە
سەككىز تۈرلۈك تۈزۈن يولغا (21) چۈشۈش ياكى
چۈشمەسلىكىنى تەلتۆكۈس ئۇقالايتتى.
يەنە تېتىك-ھوشيار (ئەڭ دانا) بىلىملىكلەر (22) نى ۋە ئوتتۇرا
بىلىملىكلەر (23) نى ئېنىق ئۇقالايتتى.
تېخى يەنە ئاچكۆزلۈك (24) ئۆپكە-ئاداۋەت
سچى كۆڭۈللۈك (25)، بىلىمسىز (نادان) (26)، ئازدۇرغۇچى (27) سەكەببۇر
كۆڭۈللۈك (28) كۆرۈم كۆكسلىك (تەمەنناچى) (29) جانلىقلارنىڭ

A

## يۈكۈنچ بۆلۈم بەشىنچى ۋاراق

1. يۈرۈش - تۇرۇشىنى (قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى) ئېنىق ئۇقالايتتى......
2. ئاندىن يەنە قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك جانلىق
3. لارنى (بىر - بىرىدىن) تولۇق ئايراتتى، (يەنە) بۇ بۇرخان
4. لارنىڭ قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىكلىرى، بۇئارخانتلار (30) نىڭ
5. قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىكلىرى، بۇ شارىركە (31) سۆزلۈپ
6. قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىكلىرى ئىكەنلىكىنى
7. بارلىق سارۋاتىنا ئاتلىق ئەقىل - پاراسەت كۈچى بىلەن
8. ئۇقاتتى. ئۈچىنچى، مانۇچاپ (32)
9. ئاتلىق شانۇ شۆھرەتلىك پەزىلەت (كۈچى) بىلەن
10. پايدا مەنپەئەت يەتكۈزەمىكى مۇنداق ئىدى: بىر
11. چاغدا ماھامۇتكالايان (33) ئارخانتىنىڭ
12. ئانىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن
13. سۇمىر (34) تېغىنىڭ سانسىز تۈمەن چوققىلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ،
14. مۇتكالايان ئارخانتىنىڭ شانۇ - شۆھرەتلىك
15. پەزىلىتى ۋەجىدىن مارىجى (35) (ئىسىملىك تەڭرى خانىش) گانجاناپاتى (36) ەملىكىتىگە
16. بېرىپ، مۇتكالايان ئارخانتىنىڭ
17. ئانىسىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشىنى ئۆتۈن
18. گەندە، تەڭرى بۇرخان مۇتكالايان ئارخانتىنىڭ
19. شانۇ - شۆھرەتلىك پەزىلىتىنىڭ كۈچىدە بارماق
20. سانىغۇچە (بولغان) ئارىلىقتا كاتاگىتى (37) ئاتلىق شەھەر دۆلىتىگە
21. بېرىۋاتقان قىياپەتتە پەيدا بولدى.
22. شۇندىن تارتىپ (تەڭرى بۇرخان) سانسىز، نۇرغۇن جانلىقلارغا
23. پايدا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن دەرھال (بىر) ئىش
24. كۈچ ئىشلىگەن بولسا، (ئۇنىڭ) ھەممىسى
25. مانۇچاپ ئاتلىق شانۇ - شۆھرەتلىك پەزىلىتىنىڭ
26. كۈچى دېيىلىدۇ؛ تۆتىنچى، مايترى (نىڭ) ياخشى نىيەتلىك كۆڭۈل
27. بىلەن (باشقىلارغا) پايدا مەنپەئەت يەتكۈزەمىكىنىڭ يەنە بەش
28. تۈرلۈك يولى بولىدۇ. بۇلار قايسىلار
29. دېيىلسە، ئەڭ دەسلەپكىسى شانۇ - شۆھرەتلىك پەزىلەت كۆرسىتىش بىلەن،
30. ئىككىنچى، ياخشى كۆرىدىغان - يارىتىدىغان

B

## (يۈكۈنچ بۆلۈم بەشىنچى ۋاراق)

1. مال-دۇنيانى يىغىن كەلتۈرۈش بىلەن، ئۆچىنچى،
2. ئىچىدىغان دورىنى ئىچىش ئۇقۇش بىلەن، تۆتىنچى،
3. ئۆز كۆلەڭگىسى ياردىمىدە پايدا مەنپەئەت يەتكۈزۈش بىلەن
4. بەشىنچى، كالىياكا ساپرىس (38) (نامىلىق) ئىللىق يۇمشاق
5. يېپىنچىسى بىلەن. شانۇ-شۆھرەتلىك
6. پەزىلەت كۆرسىتىپ، كىمگە پايدا مەنپەئەت يەتكۈزدى دېسە،
7. بىر چاغدا ماھا-
8. سىنا (39) ئاتلىق باينىڭ
9. مەلىكىسى ئۈچ ئايغىچە سەممىيلىك بىلەن (ئىستىقامەتتە)
10. چىڭ ئولتۇرغان راھىپلار جامائىتىگە خىلمۇ خىل
11. يوللار بىلەن كەم-كۈتىسىز، خىزمەت بىجا كەلتۈرگىلى
12. كىرىشكەنىدى. شۇ ئاردا
13. ئاشچى ئوغلانىنىڭ تاۋى يوق بولۇپ قالغانلىقى
14. ئۈچۈن (مەلىكىنى) شورپىلىق گۆش ئەكىلىشكە ئېۋەتىش-
15. تى. ئۇ چاغدا (كىشلەر) ئەلىنگخان يارلىقىغا (بىنائەن)
16. شورپىلىق گۆش ساتمىغانىدى. گۆش تاپالماي
17. كۈن پاتقاندا، (كىشلەر)......
18. ...... (مەلىكىنى... ئۇرۇپ) قوغلىشۋەتتى. شۇ
19. ... ئاردا باي سىرتتىن كىرىپ كېلىپ، ئۆز
20. مەلىكىسىنى باش-كۆزى يېرىلغان، قانلىق-يىرىڭلىق ھالدا
21. كۆرۈپ ئىنتايىن قايىندى، غەزەپلەندى (ۋە) بۇ
22. ئەھۋال توغرىلىق ئەرزى-شىكايەت قىلغىلى تەڭرى تەڭرىسى
23. بۇرخانغا باردى. تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان
24. ئۇنىڭ غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن يولدا
25. ئىككى زەھەرلىك يىلان پەيدا قىلدى. (بۇ يىلانلار) بىرى ئىككىن-
26. -چىسىگە چىرمىشىپ تۈگۈلۈشۈپ (ياتاتتى). ئۇنى كۆرۈپ، باي
27. ئەرنىڭ (كۆڭلىدە) مۇنداق ئوي پەيدا بولدى. (زادى) نىمىنىڭ
28. كۈچى بىلەن زەھەرلىك يىلانلار
29. دۇنيادا مۇنداق كۆرۈمسىز تۇغۇلغان (دېسە) ئېنىق
30. ئايان بولدىكى (بۇلار) غەزەپ نىزۋانى (40) كۈچىدە بۇ يەردە

A

## يۈكۈنچ بۆلۈم ئالتىنچى ۋاراق

1. تۇغۇلغاندۇر. شۇنىڭ بىلەن (ئۇنىڭ) غەزىپى
2. بىسىلىپ كەتتى. مانا مۇشۇنداق شانۇ-شۆھرەتلىك
3. پەزىلەت كۆرسىتىش ئارقىلىق سانسىز-تۈمەن جانلىق
4. -لارغا پايدا مەنپەئەت يەتكۈزدى. ئىككىنچى،
5. ياخشى كۆرىدىغان-ياقتۇرىدىغان نەرسىلەرنى (مال-دۇنيالارنى) يىغىن كەلتۈرۈش
يولى بىلەن
6. (جانلىقلارنى) قۇتقازمىقى مۇنداق ئىدى، يەنى سارى پۇتىرى (41)
7. ئارخانت نىرۋان (42) غا بارغاندا، ئۇنىڭدىن
8. باشقا ئارسلان خانىدەك
9. ئارخانتلارمۇ نىرۋانغا
10. ئىرىشتى. (ئۇلارغا) سۆزۈك كۆڭۈللۈك (ساپ مۇھەببەت باغلىغان)
11. جانلىقلار (ئۇلاردىن) ئايرىلماقنىڭ ئاچچىق ھەسرىتىگە
12. بەك قاتتىق چۆمگەنىدى. ئۇ جانلىقلارنىڭ
13. ھىجران ئوتىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن
14. تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئوڭ تەرەپتە
15. سارىپۇترى ئارخانت قاتارلىق دانىشمەنلەرنى
16. نامايان قىلدى. سول تەرەپتە ماھا مۇتكالايان
17. ئارخانت قاتارلىق شانۇ-شۆھرەتلىك پەزىلەتكە
18. ئىرىشكەن ئارخانتلارنى نامايان قىلدى. بۇنى
19. كۆرۈش بىلەن ئۇ جانلىقلار ئىنتايىن ھاڭ-
20. تاڭ قېلىشىپ، شاد-خۇراملىقتا چۆمدى.
21. تەڭرى بۇرخان ئاغزىدىن نوم ئىشىتىپ،
22. (ئازاپتىن) قۇتۇلماق لەززىتىنىڭ ئېگىسى بولۇشتى.
23. ئۈچىنچى، ئىچىدىغان دورىنى ئۇقۇش بىلەن باشقىلارغا پايدا مەنپەئەت
24. يەتكۈزمىكى قانداق ئىدى دېسە، ئۇنى مۇنداق
25. ئۇقۇش كېرەك: قايسى بىر چاغدا بىلىمسىز ۋىرۇتاك (43)
26. ئىلىك بەگ كاپىلاۋاستۇ (44) شەھىرىدىكى
27. شاكىلار (45) نى ئۆلتۈرۈپ يوقىتىۋاتقىنىدا،
28. تەڭرى قىزلىرىغا ئوخشاش كۆرۈپ قانغۇسىز
29. چىرايلىق، ئۇماق ئالتە قىزنى ئەسىر
30. ئېلىپ خوتۇن قىلغانىدى. ۋىرۇتاك ئىلىك بەگ

B

## (يۈكۈنچ بۆلۈم ئالتىنچى ۋاراق)

1. كەينى-كەينىدىن شاكىلارنى كەپتىن چۈشۈرىدىغان، ئاياغ-
2. ئاستى قىلىدىغان سۆزلەرنى سۆزلەۋەگىنىدە
3. ئالتە خوتۇن خىزرلۇق ھەس قىلىپ، ئاچچىق
4. سۆزلەر بىلەن (ئىلىك بەگكە) رەددىيە بەردى. بۇنى ئىشىتىپ ۋىرۇتاك
5. ئىلىك بەگ جاللاتلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ،
6. بۇ دۈشمەن قىزلىرىنىڭ يەتتە ئەزاسىنى
7. پىچىپ-كېسىپ گۆرستانلىققا
8. تاشلاۋېتىڭلار، دېدى. جاللاتلار-
9. مۇ ئىلىك بەگنىڭ يارلىقىنى
10. تۈگەل بىجا كەلتۈردى. تۈگەل دانا
11. تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئۇ خوتۇنلارنىڭ
12. قۇتقۇزۇلىدىغان ۋاقتى كەلگەنلىكىنى
13. ئۇقۇپ، ھىماۋانت (46) تېغىدىن چىنااكانتىك (47)
14. دەپ ئاتىلىدىغان ئۆت (دورا ئۆسۈملۈگى) كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ باشلىرىغا چېچىپ،
15. (ئۇلارغا) جان ئاتا قىلدى ۋە نوم دەملاپ،
16. بەختكە ئېرىشتۈردى. ئۆتىنچى، (تەڭرى بۇرخاننىڭ)
17. كۆلەڭگىسى بىلەن پايدا مەنپەئەت يەتكۈزمەكچى مۇنداق
18. ئىدى؛ يەنە بىر چاغدا تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان
19. سارىپۇترى ئارخانت بىلەن
20. دالىدا چاكرىمىت (سەيلە) (48) قىلىپ يۈرمەكتە ئىدى.
21. شۇ ئارىدا ئۇۋچى قۇش قوغلاپ كېلىۋاتقان
22. بىر كەپتەر خەۋپ-خەتەرگە ئۇچراپ،
23. سارىپۇترى ئارخانتنىڭ كۆلەڭگىسىگە
24. سىغىندى، شۇندىقتىمۇ يەنىلا قورقۇنچى بېسىلماي دىر-دىر
25. تىترەيتتى؛ (ئۇ) ئۇيەردىن يۆتكىلىپ تەڭرى
26. بۇرخاننىڭ كۆلەڭگىسىگە سىغىندى.
27. شۇ ھامان ئۇنىڭ قورقۇنچى-ۋەھىمىسى تۈگىدى. (تەڭرى بۇرخان)
28. مانا شۇ تەرىقىدە سانسىز-تۈمەن جانلىقلار-
29. غا كۆلەڭگىسى بىلەن پايدا مەنپەئەت يەت-
30. كۈزدى. بەشىنچى، كالياكاساپىرس بۆرتىمىگى (49) بىلەن

A

## يوكۈنچ بۆلۈم يەتتىنچى ۋاراق

پايدا مەنپەئەت يەتكۈزمىكى مۇنداق ئىدى: پاترانات (50) ئاتلىق ئېغىر كېسەل راھىپنى مۇقەددەس قولى بىلەن بۆرتۈپ (سىلاپ) ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قويدى (ۋە) ئۇنى ئارخانت بەختىگە ئېرىشتۈردى. دىۋاداتا (51) نى باش ئاغرىق كېسىلىدىن قۇتقۇزۇپ قويدى. پۇرنى (52) ئاتلىق تىرتىلار (53) ئۇستازىنى بۆرتۈپ، ياسۇچىك (54) ئاتلىق جاننى ئالىدىغان (ئېغىر) كېسەلدىن قۇتقۇزۇپ قويدى. شۇ تەخلىتتە كىمكى سۇراتى (55) ۋاقتىقىچە، سازان (56) يوقالغۇچە، جانلىقلار برام سانگالامپان (57) قاتارلىق ياخشى قىلمىشلارنى قىلىش يولىدا تىرىشسا، يۇقۇرىدا تەڭرى يېرىدە، تۆۋەندە ئىنسانلار دۇنياسىدا تۇغۇلۇشقا سەۋەب بولىدىغان ياخشى ئىش - ئەمەللەرنى قىلماقچى بولسا، بارلىق پايدا مەنپەئەت يەتكۈزمەكلىكنىڭ ياخشىلىقىنى، پەزىلىتىنى ئۇقۇشى كېرەك. مۇشۇنداق تۆرلۈك ساراسىۋاتى (58)، براخا سىۋاتى (59) قاتارلىق ئىلاھىي دانىشمەنلەرنىڭ كالپا (60) ۋاقتىقىچە (سۆزلىسىمۇ) سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز پايدا مەنپەئەتلىك ياخشىلىقىنى بەك كۆپ ئۇيلاپ، مەڭگۈ چۈتاش يىگەن (تۇتۇق) (61) بېشىمنى يەرگە تەككۈزۈپ، (ئۇلارنىڭ) پۈتۈن دۇنيادىكى ۋۇجۇدلىرىنى ھۆرمەتلەپ، قەدىرلەپ ئىخلاس بىلەن يۈكۈنىمەن. ئىككىنچى، پۈتكۈل گانگ ئۆگۈز (62) ئىچىدىكى قۇم سانىدەك، ئۈچ زاماندىكى (63) دانا بىلىملىك بۇرخانلارنىڭ ئۇستازى بولغان ئۇسنىرلاكسان (64) لىق باشلىرىنى ئېگىپ، ئىخلاس بىلەن يۈكۈنىدىغىنى نوم ئەردىنى (65) (گۆھەر نوم) دېيىلىدۇ. ئۇ گۆھەر نومنى ئايرىپ سۆزلىسە ئىككى تۆرلۈك بولىدۇ؛ بىرى - سانبۇتىك (66) ئاتلىق، ئىككىنچىسى پارامارتىك (67) ئاتلىق. سانگىرتاك (68) دەپ سودۇر (69) ۋىناي (70) ئابىدا -

B

## (يۈكۈنچ بۆلۈم يەتتىنچى ۋاراق)

رام (71) (لاردىن ئىبارەت) ئۈچ خەزىنىلىك نوملارغا ئېيتىلىدۇ. ئاز-ئالىمىر (72)
(تاماگەرلىك) كېسەلى بىلەن ئاغرىغان جاپاكەش جانلىقلارنىڭ
كېسەلىگە دورا - دەرمەكتەك داۋا بولىدىغان (نوم) سودۇر خەزىنىلىك
(نوم) دېيىلىدۇ؛ ئۆپكە - ئاداۋەت زەھىرى بىلەن زەھەرلەنگەن
جانلىقلارنىڭ زەھىرىنى كەسكۈچى (نوم) ۋىناي
خەزىنىلىك ئاكات (73) دېيىلىدۇ؛ بىلىمسىز (نادان)
قاراڭغۇ تۈنلەردە قايمۇققان - ئازغان
جانلىقلارغا كۈن تەڭرى (قۇياش) گە ئوخشاش
(نۇرلۇق) ئابىدارام خەزىنىلىك (نوم) شىپالىق دورا - دەرمان
بولىدۇ؛ ئىككىنچى، بارامارتىك
دېيىلىدىغىنى يەنە ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. بىرى -
سەككىز تۈرلۈك تۈزۈن (توغرا) يول (74) ماھىيەتلىك، ئىككىنچىسى،
تولۇق نىرۋان ماھىيەتلىك؛ سەككىز تۈرلۈك
تۈزۈن يولنى يەنە تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان
كۆيۈمگەن سۇدۇر نوملاردا ئۈچ تۈرلۈك ئايرىم
نامى بىلەن ئاتايدۇ: (ئۇنىڭ) بىرى تۈزۈندۇر،
ئىككىنچىسى، قۇتقازغۇچى - ئوزدۇرغۇچى دۇر، ئۈچىنچىسى،
بارماقچى بولغان نىرۋانغا تېز - خاتىرجەم يەتكۈزگۈچىدۇر.
يەنە بۇ سەككىز ئۆلۈش يوللارنىڭ
تۈزۈن بولمىقى قانداق بولىدۇ دېسە،
ئۇنى مۇنداق ئۇقۇش كېرەك. قاچانغۇ-
چە بۇ سانسار (75) ئىچىدە تۇغۇلغان جانلىقلار
دۇنياۋى چادار (67) دەرياسى ئىچىدە ئۆرلەپ - چۆشۈپ
بەش دۇنيالىق (77) قاينام سۇ ئىچىدە
چۆمۈپ - پېتىپ، تۆت تۇغۇملۇق (78)
جەبرى - زۇلۇم ئىچىدە ئازاب - ئوقۇبەت چەكسە، شۇڭغىچە
گۇناھكار دېيىلىدۇ. تېخى يەنە قاچانغۇچە
دۇنياۋى پاسكىنىلىقلار ئازگىلى ئىچىدە نىزۋانى (نەپسانىيەت)
قۇلى بولۇپ، ئېغىناپ يانسا، شۇ ۋاقىتقىچە يەنىلا
گۇناھكار دەپ ئاتىلىدۇ؛ قاچانكى سەككىز

**A**

## يوكۈنچ بۆلۈم سەككىزىنچى ۋاراق

1. تۇرلۇك تۈزۈن يولـلۇق يورۇق چىراغ
2. كۆكسلىرىدە كۆرۈنسە، تۈزۈن يولـلۇق
3. بېزەكلىرى (79) نى باشلىرىغا تاقسا، تۈزۈن
4. يولـلۇق چىنتامانى (80) گۆھىرىنى قوللىرىدا تۇتىدىغان
5. بولسا، تۈزۈن يولـلۇق ئىپارلىق
6. سۇدا نىزۋانلىق (نەپسانىيەت) كىرلىرىنى يۇسا،
7. شۇ چاغدىلا ئاندىن ئۇلار تۈزۈن
8. (جانلىقلار) دېيىلىدۇ؛ تۈزۈن يولنىڭ
9. تۈزۈن بولمىقى، ئىككىنچىلەپ قۇتقازمىقى —
10. ئوزدۇرمىغى مۇنداق بولىدۇ: ئەزەلدىن بېرى،
11. بۇسانسار ئىچىدە جانلىقلار تۆت تۇرلۇك
12. كەلكۈن نىزۋانلىق خەندەكلەر بىلەن قورشالغان
13. تىرقۇز تۇرلۇك تۆمۈر زەنجىرگە ئوخشاش نىز -
14. ۋانلىق سەگەك دەرۋازىۋەنلەر بىلەن كۆزىتىلگەن،
15. تۆت تۇرلۇك ئاچكۆزلۇك قاپقا - تۈگلۈك -
16. -لىرى (ناھايىتى) تۈجۈپلەپ ئىشلەنگەن
17. ئىشىكلەر بىلەن (بىكىتىلگەن)، بەش تۇرلۇك يېپىنچا نىزۋانلىرى
18. بىلەن يېپىلغان، يەتتە تۇرلۇك قاتار كەتكەن
19. نىزۋانلىق تىرەكلەر بىلەن تىرەلگەن سانسار -
20. لىق زىندانىدا قامالغان - سولانغان
21. بولىدۇ؛ ئۇلار قاچانكى سەككىز تۇرلۇك تۈزۈن
22. يولنى تاپسا، شۇ چاغدا
23. مۇشۇنداق خىلمۇ خىل ئازابتىن قۇتـۇلىدۇ.
24. ئۈچىنچى، گۇناھلاردىن خالى ھالدا ئارزۇ قىلغان يەرگە يەتمىكى
25. قانداق بولىدۇ دېسە، ئۇنى مۇنداق
26. ئۇقۇش كېرەك. توقسان ئالتە (خىل)
27. ساختا نوملۇقلار ۋە بۇ نوملارنى تەرغىپ قىلغانلار چىغىر يوللاردا
28. ئېزىپ - تېزىپ (يۈرۈپ) سانسار ئىچىدە
29. ئۈزاققىچە (ئۆزلىرىنى) قايمۇقتۇرىدۇ. ئۇ يول بىلەن مېڭىپ
30. زادى سانساردىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. قاچا -

B

(يۈكۈنچ بۆلۈم سەككىزىنچى ۋاراق)

1. نىكى بۇ تۈزۈن يول بىلەن ماڭسا، شۇ
2. هامان ئارزۇ قىلغان تېچ - خاتىرجەم نىرۋان شەھ-
3. -رىگە يېتىپ بارالايدۇ. نىرۋان يەنە تۆت خىل
4. تۈرگە ئايرىلىدۇ؛ بۇ تۆت تۈرلۈكى قايسىلار
5. دېسە، ئەڭ دەسلەپكىسى، بارلىق ئازابلارنىڭ مەنبەئى-
6. يىلتىزى بولغان دۇنيانى تۇتۇشنىڭ قانۇنى ئۇ يەردە ئۆگشى-
7. -لىدۇ؛ ئىككىنچى، ئاچكۆزلۈك، ئۆپكە - ئاداۋەت، بىلىمسىز-
8. لىك ئوتى ئۇ يەردە ئۆچىدۇ؛
9. ئۈچىنچى، ئۆزگەرمەس، مەڭگۈ ياخشى
10. ماھىيەتلىك بولىدۇ؛ تۆتىنچى، بارلىق
11. ئاقىدىغان - ئاقمايدىغان (81) قىلىپ تۈزۈلگەن قانۇنلاردىن
12. باشقىچە تاللانغان بولىدۇ؛ مۇشۇنداق تۈرلۈك
13. چەكسىز - سانسىز ئېسىل گۆھەر نوم پەزىلىتىنى
14. ئۆيلاپ، مەنكى چۈتاش يىگەن تۇتۇق
15. ھۆرمەت ئېھتىرام بىلەن باش ئېگىپ يۈكۈنىمەن. ئۈچىنچى،
16. تۆگەل دانا تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان-
17. -نىڭ سازانلىق شەھەر دۆلىتىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان
18. مىڭ يىل تۆمەن كۈندىن بېرى تەڭرى بۇرخاننىڭ ئورنىدا
19. لاكسانسىز (82) بۇرخانلار ئىشىنى
20. ئىشلەپ سازانلىق سارايلارنى تىرەپ تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان
21. ئالتۇن تىرەككە ئوخشاش بارلىق مەدھىيە
22. سۇرۇنلىرىدا مەدھىيىلەنگەن، نۇرغۇنلىغان تويى-
23. تۆكۈنلەردە قۇتلۇق بولغان، ئۆز تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان (تەرىپىدىن)
24. ئىككىنچى ئاگام نوم (83) ئىچىدە يۈز تۈرلۈك مەدھىيەلەر
25. بىلەن ماختالغان مەدھىيەلەنگەن، تېرىلغۇ يەرگە ئوخشاش
26. ئازغىنە سەدىقە ئۇرۇقى چاچسا،
27. سان - ساناقسىز ھوسۇل بېرىدىغان،
28. يۇقۇرىدا تەڭرى يېرىندىكى، تۆۋەندە ئىنسان
29. بەدىنىدىكى (بارلىق) خۇشاللىق، باتۇرلۇق، شانتۇ - شەۋكەت
30. كۈچ - قۇدرەتنىڭ ۋەجى - سەۋەبى بولغانلار؛

A

## يۈكۈنچ بۆلۈم توققۇزىنچى ۋاراق

1. سۆيۈملۈك نامى بىلەن ئاتاشقا تېگىشلىك نىپىتىچا تۇرت (84)
2. ئاتلىق ئىش ـ ئەمەل ۋەجىدىن دىيانغا، نومغا
3. كىرگەن، سەككىز سانۋار (85) ئىچىدە تۇغۇلغان بەختلىك ـ
4. ـلەر تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن بارامارت (86) نامى بىلەن
5. ئاتاشقا تېگىشلىك ئون سەككىز تۈرلۈك بوشغۇتلۇق (87) لار (يەنى)
6. نىزۋانلىق جىن ـ ئالۋاستىلارنى يېڭىش ـ زەئىپلەندۈرۈش ئۈچۈن
7. ئۈگىنىۋاتقانلار، توققۇز تۈرلۈك
8. بوشغۇتسىز (88) لار، (يەنى) نىزۋانلىق
9. چېرىكلەرنى تار ـ مار قىلغانلار ھەممىسى
10. بولۇپ يىگىرمە يەتتە تۈرلۈك
11. تۈزۈن، بەختلىك جانلىقلار بىلەن تىقما ـ تىقما بولۇپ
12. تولۇپ كەتكەن تۈزۈن بۇرسۇك (89) جامائەتى ئەردىنىسى
13. دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئەمدى بۇ ئون سەككىز تۈرلۈك بوشغۇتلۇق (تەلىم ئېلىش)
14. يولىدا تىرىشقۇچى تۈزۈنلەر، بەختلىكلەرنى،
15. بىرمۇ بىر ئايرىپ سۆزلەش كېرەك.
16. شۇنداق قىلىپ يەنە ئەڭ دەسلەپكىسى ئىككى تۈرلۈك
17. جانلىقلار دېيىلىدۇ. (بۇنىڭ) بىرىنچىسى، چاقىقان ـ چەبدەس
18. بىلىملىك، تېتىك ـ ھوشيار كۆڭۈللۈكلەر؛ ئىككىنچىسى كېلەچەكسىز
19. قىلىقلىق، كەم ئەقىللىقلار بۇ
20. ئىككىسىدىن قايسى بىرى بولمىسۇن بەدنىيەت ـ
21. ـلىك دۇنياسىدىن قوزغىلىپ، ھوشىنى تاپماق
22. شەھرىنىڭ ئەڭ تېشىدىكى قاپقىسىدىن كىرىپ،
23. دارسانارىياك (90) ئاتلىق كۆرۈم يولىغا چۈشۈپ،
24. ئون يەتتىنچى كىسان (91) ۋاقتىدا يەتكەندە،
25. سورداپان (92) بەختىگە (يېتىش ئۈچۈن) تىرىشقۇچى بوش ـ
26. ـغۇتلۇق تۈزۈن جانلىق دېيىلىدۇ. دەل مۇشۇ تۈزۈن
27. جانلىق كۆرۈم يولىدىكى سەكسەن
28. سەككىز تۈرلۈك نومۇسسىز نىزۋانلارنى ئۈچۈرۈپ،
29. ئون ئالتىنچى كىسان ۋاقتىدا سورداپان
30. بەختىگە ئېرىشسە، بۇ ئىككىنچى بوشغۇتلۇق تۈزۈن

B

## (يۈكۈنچ بۆلۈم توققۇزىنچى ۋاراق)

جانلىق دېيىلىدۇ. دەل مۇشۇ سورداپان بەختىنى تاپقان تۆزۈن كىشى ساكارداگام (93) بەختىنى تاپقىلى تىرىشسا، ئۇ ئۈچىنچى بوشغۇتلۇق تۆزۈن جانلىق دېيىلىدۇ. دەل شۇ ساكارداگام بەختىنى تېپىشقا تىرىشقۇچى (جانلىق) ئامرانماق ئۇلۇستىكى (94) ئالتە ئۆلۈش ئىزۋانى (95) لارنى تارقىتىۋېتىپ، ساكارداگام بەختىنى تاپسا، بۇ تۆتىنچى بوشغۇتلۇق تۆزۈن جانلىق دېيىلىدۇ. دەل شۇ (جانلىق) ساكارداگام بەختىنى تاپقاندىن كېيىن يەنە ئاناگام (96) بەختىنى تېپىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئەجرى قىلسا، بۇ بەشىنچى بوشغۇتلۇق جانلىق دېيىلىدۇ. دەل شۇ ساكارداگام بەختىنى تاپقان جانلىق ئامرانماق ئۇلۇستا (داۋاملىق) تىرىشىپ، ئەڭ باشتىن تارتىپ ئەڭ ئاداققۇچە ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان توققۇز ئۆلۈش ئىزۋانلار (97) نى تارقىتىپ، ئۆچۈرۈپ، ئاناگام بەختىنى تاپسا، بۇ ئالتىنچى بوشغۇتلۇق تۆزۈن جانلىق دېيىلىدۇ. ئاناگام بەختىنى تاپقان تۆزۈن كىشى ئۆڭلۈك (ۋە) ئۆڭسىز تەڭرى يېرى (98) دىكى يېزىپ تەسۋىرلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئىزۋانلارنى ئۆچۈرۈپ، تارقىتىپ، تۆتىنچى ئۆڭسىز تەڭرى يېرى (99) دىكى سەككىزىنچى ئۆلۈش ئىزۋانىنى (100) ئۆچۈرگىچە تىرىشسا، ئارخانت بەختىگە (ئېرىشىش ئۈچۈن) تىرىشقۇچى يەتتىنچى تۆزۈن جانلىق دېيىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ كۆرۈم يول (101) غا چۈشكەندە ئۇ يەنىلا كەم ئەقىل بولسا، ساداقەتمەن ئەگىشىپ ماڭغۇچى (102) دەپ ئاتىلىدۇ (ۋە) بۇ سەككىزىنچى بوشغۇتلۇق تۆزۈن جانلىق ھېسابلىنىدۇ. (ئەگەر ئۇ) تېتىك ھوشيار بىلىملىك بولسا، نومغا ئەگىشىپ ماڭغۇچى (103) دېيىلىدۇ. بۇ توققۇزىنچى بوشغۇتلۇق تۆزۈن جانلىق

A

## يوكۈنچ بۆلۈم ئونىنچى ۋاراق

1. دەپ ئاتىلىدۇ. دەل شۇ سوزداپان بەختىنى تاپقان
2. جانلىق (يەنە) ئاناگام بەختىنى تېپىش ئۈچۈن تىرىشۋاتە-
3. -قاندا، ئالتە ئۆلۈش نىزۋانىلار ئىچىدىن
4. ئۈچ ياكى تۆت (ئۆلۈشنى) يوقىتىۋېتىپ، يەنە
5. ئىككىسى قالغان بوسا، بۇ كولا كۇلى (104)
6. دەپ ئاتىلىدۇ؛ كولا كۇلى بولسا، بىر - ئىككى ئۆيى-
7. -لەردە دۇنيا تۇتماق بولىدۇ (105)
8. بۇ ئونىنچى بوشغۇتلۇق
9. تۈزۈن جانلىق دېيىلىدۇ. دەل شۇ
10. ساكارداگام بەختىگە ئېرىشكەن ئىنسان
11. ئوغلى ئاناگام بەختىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىپ، سەككىز ئۆلۈش
30. تېپىش تېخىمۇ تەس، (شۇڭا) ئەمدى ئۇنىڭغا يېقىن بارمىسا

(B)

(ئىككىنچى بۆلۈم ئىككىنچى ۋاراق)

يارىمايدۇ (قاملاشمايدۇ). ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۇستاز تېپىپ، ئۇمىد - ئىشەنچ باغلىمىسا يەنە يارىمايدۇ. تەگرى ئۇستاز، ئەمدى (مېنىڭ) تەگرى تەگرىسى بۇرخانغا يېقىن بېرىپ ئۆي - ۋاقىتنى تاشلاپ تويىن بولۇشۇمغا ئىجازەت بەرگەيسىز.» (ئۇ) مۇشۇنچە سۆزلەرنى سۆزلەپ، (تېخى) تۈگەتمىگەنىدى، شۇڭا ئارىدا تۈگەل دانا تەگرى تەگرىسى بۇرخاننىڭ تېنىدىن بەش بوياقلىق (رەڭلىك) نۇر - يورۇقلۇق چىقىپ، ماتيادىس دۆلىتىدىن چاقناپ كېلىپ، تۈزۈن مايترىنىڭ بەدىنىنى ئوك ئايلىنىپ، تەگرى بۇرخان ۋاقتىدا تۇرغاندەك مايترى بۇدساۋاتىنىڭ ئۈستىدە چاقنىغان هالدا تەۋرىمەستىن تۇردى. ئۇنى كۆرۈپ هۆرمەتكە سازاۋەر مايترى ئىنتايىن سۆزۈلۈپ (ئېچىلىپ) باداري برامانغا مۇنداق دېدى: «قاراڭ! دانا ئۇستاز، بۇ، تۈگەل دانا تەگرى تەگرىسى بۇرخان چاكىرىت ئىلىگ خاندىن كەلگەن نۇرلۇق - يالتىراقلىق ئەلچىنى. ئەمدى مەن چوقۇم تويىن بولۇشۇم كېرەك.» ئاندىن ئەزايى - بەدىنى تىترىگەن هالدا باداري برامان مۇنداق دېدى: «ئامراق ئوغلۇم، سېنىڭ بۇ مۇنداق تۈرلۈك سۆزلىشىڭدىن چەكسىز بەخت - سائادەتلىك ئىسىل پەزىلىتىڭنى كۆرۈپ ناهايىتى ئەجەبلىنىۋاتىمەن - هەيران بولۇۋاتىمەن. تەگرى تەگرىسى بۇرخاننىڭ مېهرىۋانلىق ئەقىل - پاراستى بەش ئازۇندىكى بارلىق جانلىقلار ئۈچۈن بىردەك دېيىشىۋاتاتتى. قايتىدىن مۇنداق قارىسام، (ئۇلار) سېنى هەممىدىن باشقىچە ئامراقلىق بىلەن سۆيىدىكەن.» ئاندىن كېيىن بارلىق شاگىرت ئوغۇللار هەيران قېلىپ - ئەجەبلىنىپ، برامان قانداسى بويىچە ئوك قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بىرى ئىككىنچىسىگە (بىر - بىرىگە)........

(A)

## ئىككىنچى بۆلۈم تۆتىنچى ۋاراق

1. تەييار ئىدى. ئۇنى كۆرۈپ، شاگىرت دونكى (247) مۇگاراچى
2. قاتارلىق ئۇزۇن ئالتە ئوغۇل ئۇرۇن ئالتە (تۆرلۈك)
3. ھۆرمەتكە سازاۋەر مايترىدىن ئايرىلىش
4. ئازابىغا (چىدىماستىن) ياشلىرىنى تۆكۈپ، قوللىرىنى قوشتۇرۇپ
5. گەۋدىلىرىنى پۈككەن ھالدا تۆزۈن مايترىغا
6. مۇنداق دەپ ئۆتۈندى: «بۇ سانسار ئىچىدە
7. بارلىق مۇھەببەتتىن كۈچلۈكى ئاتا - ئانىغا
8. بولغان مۇھەببەتتۇر. بىزنىڭ (قەلبىمىزگە)
9. يەنە شۇنداق قارىسىڭىز، سىزگە بولغان مۇھەببىتىمىز
10. ئارتۇق تېنىمىز (ۋە) ئىسسىق جېنىمىزگە بولغان (مۇھەببىتىمىزدىنمۇ)
11. ئارتۇغراقتۇر، ئەمدى
12. بىزگە قارىتا مېھرىۋان كۆڭۈل تۇرغۇزۇڭ.
13. سىز بىزنى تاشلىماڭ، توسىماڭ، سىزنىڭ ۋاقتىڭىزدا (كەينىڭىزدىن)
14. بارايلى.» ئاندىن كېيىن تۆزۈن
15. مايترى ئۇ ئوغۇللارغا مۇنداق دېدى: «مېنىڭ
16. ئارزۇيۇممۇ خۇددى شۇنداق ئىدى، (يەنى) سىزلەرنىڭ ئاغزىڭىزلاردىن
17. مۇشۇنداق تۆرلۈك ياخشى سۆزنى
18. ئىشىتىش ئىدى. تېخىمۇ ياخشىراق ئويلاڭلار،
19. چەكسىز سانسارنىڭ ئالدىنقى ئۇزۇن ئۇچى
20. كۆ - ...... - رىڭ تۆگەل ئەسلا تېپىلماس. ئۇزۇندىن
21. بېرى، بۇ سانسار ئىچىدە جانلىق ئوغلانى (پەرزەنتى) تۇغۇلۇپ -
22. ئۆلۈپ، ئۆرلەپ - چۈشۈپ ئاچچىق ئازاب كۆرۈۋاتىدۇ.
23. ئەمدى (ئۇلار)مۇ سىزلەرگە ئوخشاش
34. تەڭرى تەڭرىسى بۇرخانغا ئۈمىد - ئىشەنچ
25. باغلىغىلىۋاتىدۇ.» ئاندىن كېيىن تۆزۈن مايترى
26. قاتارلىق ئون ئالتە ئوغۇل (يەنى) بىر - بىرىنى
27. ئىگە ئامراقلىق قىلىدىغان جامائەت ئايرىلماقچى (خوشلاشماقچى) بولۇپ،
28. ھەممىسى تۇرۇپ، بادارى براھمان تەرەپكە بېرىپ مۇنداق
29. دېيىشتى: «براھمان تۇرقلۇق (سۈرەتلىك) ئەزرۇئا تەڭرى
30. ئەقىل - پاراسەتلىك ئۆمۈر بېرىدىغان ئۇستاز

(B)

## (ئىككىنچى بۆلۈم تۆتىنچى ۋاراق)

ئاتىمىز، ھايات - ماماتلىق سانسارنىڭ ئازابىغا چىدىماستىن سىزنى تاشلاپ كەتمەكچى بولۇۋاتىمىز، يۈزسىز، ۋاپاسىزمىز. (بىز) قۇللارنىڭ چوڭ - كىچىك قىلمىشلىرىمىزنى كەچۈرۈڭ، كىچىك ۋاقتىمىزدىن تارتىپ (سىزگە) ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ، تۈزۈن كۆڭۈل- -گىزنى ئاغرىتقان بولساق كاشانتى بولسۇن (248) (تۆۋە قىلىمىز).» ئاندىن كېيىن بادارى بىرامان ئۆز شاگىرتلىرىدىن مۇشۇنداق ئاچچىق سۆزلەر ئىشىتىپ، يەنە ئۆزىنىڭ قېرىپ - ياشىنىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ، كۆزلىرىدىن ياش ئاققان، تېنى تىترىگەن ھالدا تۈزۈن مايترىنىڭ قولىنى تۇتۇپ مۇنداق دېدى: «بىرىنچى، ئۆزۈم قېرىلىق ئازابى بىلەن قۇرۇلۇپ (مۆكچىيىپ) ياخشى يول كۆرسەتكۈچى ئۇستازنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم. ئىككىنچى سىزلەرگە ئوخشاش ئامراق ئوغۇللىرىمدىن ئايرىلدىم، ئەمدى تىرىكلا ئۆلىدىغان بولدۇم، مەن ئۇستازلار - نىڭ شاگىرتلارغا قىلىشقا تېگىشلىك قانداق ئىش - كۈشى بولغان بولسا، ھەممىسىنى تۈگەل قىلدىم، قاچان سىزلەرنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك كۆزىڭىزلەر يورىسا، شۇ چاغدا مېنىمۇ ئۇنتۇماڭلار. شۇنداق قىلىپ، يەنە ئوغۇللىرىم، داكساناپات ئەلىدىكى جان - -لىقلار مېنى ناھايىتى ئۇلۇغ ھۆرمەتكە سازاۋەر دىنتار دەپ ئويلايدۇ. ئەگەر سىزلەر مېنى قويۇپ، تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان تەرەپكە تويىن بولغىلى بارسىڭىزلار، كۆپلىگەن - نۇرغۇنلىغان جانلىقلار گۇمانلىنىپ قالىدۇ. نېمە ۋەجىدىن - نېمە سەۋەبتىن ئۇ ئوغۇللار بادارى بىرامانغا ئوخشاش دانىشمەن ئۇستازىنى قويۇپ، تەڭرى بۇرخان نومىدا (دىنىدا) تويىن بولدى؟ دېيىشىدۇ. شۇڭا

(A)

## ئىككىنچى بۆلۈم بەشىنچى ۋاراق

1. ئەمدى سىزلەر ئوغۇللىرىم، تۆت تورلۇك گورۇھ -
2. جامائەت ئارىسىدا ئولتۇرغىنىدا، تەكرى بۇر -
3. خانغا يېقىنلاشساڭلار، شۇ چاغدا سىزلەر ئەڭ
4. ئاۋال (ئۈنىڭ) ئوتتۇز ئىككى (خىل) خاسىيەتلىك بەلگىسىنى بەخت - سائادەت (ئالامىتىنى)
5. ئايرىشقا - ئوقۇشقا تىرىشىڭلار. (بۇلارنى) سىز —
6. لەرگە شاستىرلاردىن ئايرىپ چىقىپ ئېيتقانىدىم.
7. ئۇ بولسىمۇ، بىرىنچى، پۈتىنىڭ
8. هۇلى ئەينەكتەك تۈپ - تۈز (بولىدۇ).
9. ئىككىنچى، مىڭ (دانە) مۇقەددەس چاق بىلەن يارىتىلغان
10. تامغا ئالقىنىدا، ئۈزەڭگىلىكىدە
11. ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئۈچىنچى، بارماقلىرى شام
12. يالقۇنىسىمان يىمىشتەك تۈپ - توز ئۇزۇن
13. (بولىدۇ). تۆتىنچى، سۆڭەكلىرى ئۇيىسىز - دۆڭسىز (تەكشى)
14. تۈز (بولىدۇ). بەشىنچى، قولى پاختا - كېۋەزدەك
15. يۇمشاق - يۇمران (بولىدۇ). ئالتىنچى، پۈتىنىڭ يۈزى
16. كۆتۈرۈلگەن، دۇپ - دۇمباق بولىدۇ، يەتتىنچى يوتىسى
17. ئاۋايىي (249) ئاتلىق ئىپار كىيىك يوتىسىدەك كۆرۈپ قانغۇسىز
18. بولىدۇ. سەككىزىنچى، قەددىنى پۈكمىگەن (ۋە)
19. غادايتىۋالمىغان هالدا، ئالقىنى بىلەن تىزلىرىنى
20. سىلاپ ئولتۇرىدۇ. توققۇزىنچى، ئۇياتلىق يېرى
21. ئاچايىنى (250) ئاتلىق نەسىللىك ئارغۇن ئاتنىڭكىدەك يوشۇرۇنۇپ
22. ئىچىگە كىرىپ كەتكەن بولىدۇ. ئونىنچى، بەدىنى نىگرۇد (251)
23. ئاتلىق دەرەخ(نىڭ غولى)دەك دۇپ - دۈگىلەك بولىدۇ.
24. بويىنىڭ ئېگىزلىكى قانچىلىك بولسا، غۇلىچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى شۇنچىلىك بولىدۇ.
25. غۇلىچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى قانچىلىك بولسا، بوي - بەستىنىڭ ئېگىزلىكىمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ. ئون بىرىنچى
26. بەدىنىدىكى بارلىق تۈكلىرى يۇقىرىغا قاراپ ئۆسكەن بولىدۇ. ئون
27. ئىككىنچى، هەر بىر تال تۈكى ئوڭغا بۇرۇلۇپ -
28. يۆگىلىپ تۇرىدۇ. ئون ئۈچىنچى
29. چىرايى تاۋلانغان (ۋە) پەدەزلەنگەن
30. ئالتۇنغا ئوخشاش بولىدۇ. ئون تۆتىنچى، بەدەن قىياپىتى

# B

## (ئىككىنچى بۆلۈم بەشىنچى ۋاراق)

1. ئىنتايىن نازۇك ھامىلدار ئايالىلارنىڭكىدەك بولىدۇ. ئۇن بەشىنچى بەدىنى
2. يەتتە يەردىن تاللىنىپ چىققان بولىدۇ. ئۇ يەتتىسى قايسىلار
3. دېسە، ئىككى پۇتى، ئىككى قولى، ئىككى
4. مۆرىسى (ۋە) بىر ئومۇرتقىسىدۇر. ئۇن ئالتىنچى،
5. كەڭ تاغاق سۆڭىكى ۋە ئىككى (تاغىقى) ئارىسىدىكى
6. سۆڭىكى ياساپ قويغاندەك بولىدۇ. ئۇن يەتتىنچى، بېلىدىن
7. يۇقىرقى گەۋدىسى كىسار ئارسلان (252)
8. خانىغا ئوخشاش بولىدۇ. ئۇن
9. سەككىزىنچى، بەدىنى يۇلۇندەك تىك (ۋە)
10. كۆرۈپ قانغۇسىز (چىرايلىق) بولىدۇ. ئۇن توققۇزىنچى،
11. تۆشى ئەگرى بولىدۇ. يىگىرمىنچى، تولۇق قىرىق چىشى
12. تىزىلغان ئاپپاق ئۈنچىدەك بولىدۇ. يىگىرمە بىرىنـ
13. چى، چىشلىرى ئاراچىسىز - يېرىقسىز بولىدۇ. يىگىرمە ئىكـ
14. كىنچى، چىشلىرى ئەيىبسىز - نۇقسانسىز تۈپ - تۈز (تەپ - تەكشى) بولىدۇ.
15. يىگىرمە ئۈچىنچى، ئېزىقلىرى ئەيىبسىز، خىلۋەت، ئاپپاق
16. بولىدۇ. يىگىرمە تۆتىنچى، قورسىقى ئارسلانـ
17. ـلارنىڭكىدەك كەڭ بولىدۇ.
18. يىگىرمە بەشىنچى، بارلىق لەززەتلەردىن باشقىچە بولغان
19. تەمگىرلىك لەززەت (شېرىنىسى) ئېغىزىدىن تېمىپ تۇرىدۇ. يىگىرمە
20. ئالتىنچى، تىلى كەڭ - ياپىلاق، يۇقىا - نېپىز بولىدۇ.
21. يىگىرمە يەتتىنچى، ئۈنى (ئاۋازى) ئەزرۇئا تەگرىنىڭكىدەك
22. بولىدۇ. يىگىرمە سەككىزىنچى، كۆزى كۆكۈش ئۆڭلۈك (رەڭلىك)
23. بولىدۇ. يىگىرمە توققۇزىنچى، كىرپىكى قوتاز بۇقىسىـ
24. نىڭكىدەك بولىدۇ. ئوتتۇزىنچى، چوققىسى - بېشى
25. ئۇسىنىر بىلەن ياسالغاندەك بولىدۇ. ئوتتۇز
26. بىرىنچى، بارماقلىرى غازلار خانىنىڭ يېڭىلا تۇغۇلغان بالىسىـ
27. نىڭكىدەك تۈرلۈق بولىدۇ. ئوتتۇز ئىككىنچى،
28. قاش تۇرىلىدىغان ئورۇن ئاتلىق يەردىكى - (قوشۇمىسىدىكى) تۈكى ئاق
29. بولىدۇ. مۇشۇنداق ئوتتۇز ئىككى خىل خاسىيەتلىك بەلگىسى
30. تۆگەل بولسا، ئاندىن سىزلەر ھۆرمەت كۆرسىتىپ تۇرۇپ

**(A)**

## ئككنچى بۆلۇم ئالتىنچى ۋاراق

يوشۇرۇن كۆڭۆل بىلەن مۇنداق دەپ گۇمانىڭلارنى (سوئالىڭلارنى) سوراڭلار: «بىزنىڭ ئۇستازىمىز بادارى برامان قانداق قىياپەتلىك، نەسەبلىك؟ ياش قورامى قانچىدە بار؟ شاگىرتلىرىغا قانداق - قانداق شاستىرلارنى ئۆگدتدۇ؟ تېخى يەنە مۇنداق دەپ گۇمانىڭلارنى سوراڭلار: «تۆپە (چوققا) قانداق بولىدۇ؟ تۆپىدىن تېيىلماق قانداق بولىدۇ؟؟» (ئۇ) سىزلەرنىڭ سورىغان مۇشۇنداق تۈرلۈك گۇمانلىرىڭىزلارنى (سۇئالىڭىزلارنى) ئېنىق ئېيتىپ (ئايرىپ) بەرسە، ئاندىن سىزلەر شۇنداق ئۇقۇڭلاركى (ئۇ) شۈبھىسىز تۆگەل دانا تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن دېسە، قايسى بەختلىك جانلىقنىڭ ئۇتتۇز ئىككى (تۈرلۈك) بەخت - سائادەتلىك خاسىيەتلىك بەلگىسى تۆگەل بار بولسا، ئۇ جانلىق تۆگەل دانا بىلىملىك بۇرخان ئاتىلىدۇ. سىزلەرنىڭ ئارىڭىزلاردا قايسىڭىزلار چوڭ بولسىڭىزلار، شۇ ئاۋال گۇمانىنى سورىسۇن (سوئال سورىسۇن). ئاندىن كېيىن (چوڭ - كىچىكلىك) رەتى بويىچە ئۆزۆڭلار ئۇقىغان ۋەت ئۇپاۋەت ياۋاگان لوكا (253) قاتارلىق شاستىرلار ئىچىدىكى تۇرۇنلار چوڭقۇر ئۇقۇملار (توغرىسىدىكى) گۇمانىڭلارنى سوراڭلار، تېخى يەنە يۇلتۇز كۆرۈم (مۇنەججىملىك) ئىچىدىكى ئىنتايىن قىيىن (مەسىلىلەر توغرىسىدىكى) گۇمانلىڭلارنى سوراڭلار. ئۇ سىلەر سورىغان مەسىلىلەرگە تۇتۇلماي ئېنىق جاۋاب بېرەلىسە، دەرھال ئۇنىڭ شاگىرتى بولۇڭلار. تەستە تاپقىلى بولىدىغان بۇرخان بەختلىك ئەردىنىلىك ئارالغا كىرىپ، قۇتۇلماقلىق يولىنى خەيرلىك ئەردىنىلىرى بىلەن كۆڭۆلدىكىدەك بېزەڭلەر، سىزلەر قاچان مەڭگۈلۈك شادلىققا ئېرىشىڭىزلەر، ماڭىمۇ ياخشىلىق ئۆلۈشتىن (خەيرلىك نېسىۋىدىن) ئېۋەتىۋە

(B)

## (ئىككىنچى بۆلۈم ئالتىنچى ۋاراق)

تىڭلار. ياشانغان-قېرى ئاتىڭىز-
لارنى قانمىغان ئارزۇلۇق قىلماڭلار (ئارماندا قالدۇرماڭلار).»
ئاندىن كېيىن تۈزۈن مايترى، قېرىنىدىشى
ئاچىتى (254) تاتارلىق ئۈن بەش ئوغۇل بىلەن بىللە
بادارى براماننىڭ سەممىي سۆزىنى ئاڭلاپ،
ياشلىرىنى ئېقىتىپ يىغلاپ، بادارى برامانغا
كاشانتى (تۆۋە) قىلىپ، بەش يۈز برامان
ئوغلىغا (ئۇنىڭ سۆزىنى) يەتكۈزۈپ بادارى
برامان شەھىرىدىن چىقىپ كەتتى.
ئاندىن كېيىن داكساناپات ئەلدىكى
قېلىن (نۇرغۇن) قارا (ئاددىي) خەلق مۇنداق سۆز ئىشىتتى:
«تۈزۈن مايترى ئۇستازى بادارى براماننى
تاشلاپ ماتيادىس دۆلىتىگە بارغۇدەك.» (بۇ سۆزنى ئىشىتىپ)
خۇددى ئامراق ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلغاندەك
بولۇپ، مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن
ئەر-ئاياللار، ئۇلۇغ-ئۇششاق ئوغلانلار (باللار)-
غىچە (ھەممىسى) تەرەپ-تەرەپتىن توپ-
توپ (بولۇپ) يىغىلىپ، يىغا-زارە قىلىشىپ، تۈزۈن
مايترىغا يېقىن كېلىپ زور ھۆرمەت بىلەن
مۇنداق دېيىشتى: «خەيرلىك، بەخت تەگرىسى،
برامانلارنىڭ ئېرىقى (پاكى)، ئەزرۇئا تەگرىسى، بارلىق
ئۈمىدسىز-ئىشەنچىسىز جانلىقلارنىڭ ئۈمىد-
ئىشەنچى، پۈتكۈل داكساناپات ئېلىنىڭ شۆھرىتى،
ھەممىگە تۈز (بىردەك) مېھرىۋان پاراسەتلىك ئىدىڭىز.
(ئەمدى) بىزگە بولغان مۇھەببەتلىك پاراسىتىڭىز
نەگە كەتتى؟ بىزنى قويۇپ (تاشلاپ) قەيەرگە كەتمەكچى
سىز؟ بۇ مۇنداق تۈرلۈك ئامرىقىدىن ئايرىلىدىغان
ئاچچىق ئازاب قەيەردىن پەيدا بولدى؟
مۇشۇنداق بىچارە-دەردمەن، ئاغزى يارىلىق،
كۆزى ياشلىق (جانلىقلارنى) نېمىشقا قويۇپ (تاشلاپ) كېتىسىز؟»

(A)

## ئىككىنچى بۆلۈم يەتتىنچى ۋاراق

1. ئاندىن كېيىن ھۆرمەتكە سازاۋەر مايترى
2. بۇدىساۋات كۆرۈنەر ئەزرۇئا تەڭرىگە ئوخشاش،
3. ئۇ داكساناپات ئەلدىكى ئەل - خەلقنى
4. غەملىك - قايغۇلۇق كۆرۈپ پىللار بېگىگە
5. ئوخشاش ئوتغا ئايلىنىپ، قايرىلىپ - بۇرۇلۇپ
6. ئامراق ئاتىسى بىردىن - بىر سەممىي، نازۇك ئوغ-
7. -لىنى بەزلىگەندەك شەھەرلىك خەلق -
8. -قە مۇنداق دېدى: «ئارتۇق-
9. -چە غەم - قايغۇلۇق بولماڭلار.
10. يەر - جاھاننىڭ (بۇ ئالەمنىڭ) قانۇنى مۇشۇنداق
11. بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن دېسە، بۇ جانلىق ئىغلانى (پەرزەنتى)
12. بەش تۈرلۈك مۇھەببەتلىك شادلىقتا ھەر قانچە
13. ئۇزۇن ۋاقىت ئېرىشىمۆ (چۆمۈلسىمۇ)، خۇددى شور سۇ
14. ئىچكەندەك (شادلىقتا) تويمايدۇ، قانمايدۇ. ئامراق كۆرىدىغان
15. جامائەت بىلەن ھەر قانچە ئۇزۇن ۋاقىت ھۇزۇرلانسا،
16. شاد - خورام ئۆتسە، ئاخىرىدا ئامرىقىدىن ئايرىلماقتەك
17. ئاچچىق ئازاب كەلمىكى بار. بۇ تېنىنى ھەر قانچە
18. ئۇزۇن زامان ئاياپ - قەدىرلەپ، ئاسراپ تۇتسىمۇ،
19. ئۇنىڭ تۇۋىدە (ئاخىرىدا) ئۆلمەكلىك بار. شۇڭا
20. ئەقىللىق ئادەم بالىسى ياخشى قىلمىش قىلىشى
21. كېرەككى، (ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلىرى) ئاۋۇن - ئاۋۇنتا (بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇن-
ياغىچە) كۆلەڭگىدەك
22. كەينىدىن (ئەگىشىپ) بارىدۇ، (ھېچكىم) ئۇنى يۇقىا چىقىرالمايدۇ ئەمدى يەنە بۇ
23. يەر - سۇدا (جاھاندا) نوملۇق چاكرىرت ئېلىگ خان
24. پەيدا بولدى. كىم ئۇنىڭغا ئۈمىد - ئىشەنچ باغلىسا،
25. تۆت تۈرلۈك تويىن ھەققى بىلەن مۇكاپات
26. بېرىدۇ. بەزىلەرگە پاردىكا سانبۇت (255)
27. بەخت (ئاتا قىلىپ) ئالقىش بېرىدۇ (مەدھىيە ئوقۇيدۇ)، بەزىلەرنىڭ قەلبىگە،
28. تەڭداشسىز بۇرخان بەخت (ئاتا قىلىپ) ئورۇق چاچىدۇ.
29. يۇقىرىدىكى ئۇلۇغ، كۈچلۈك قۇت ۋاخشىكلار (656)
30. ئۇنىڭغا يېقىن بارسا، يوقالمايدىغان ئاۋۇنلۇق

(B)

(ئىككىنچى بۆلۈم يەتتىنچى ۋاراق)

1. پايدا ئالدۇ. تېخى، دوزاق، پىرىت (257) هايۋان
2. ئاۋۇندا تۇغۇلغان بىچارە-دەردمەن جانلىقلار
3. ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ئويلاپ، ناهايىتى قىسقا ۋاقىتتا
4. سۆزۈك كۆڭۈل تۇرغۇزسا، شۇ ياخشى قىلمىش
5. كۆچىدە ئۈچ يامان يوللۇق روھلاردىن
6. ئوزىدۇ، قۇتۇلىدۇ. ئەمدى بىزگىمۇ
7. نۇرلۇق يالتىراقلىق ئەلچىسى كەلدى.
8. ئۇنىڭ يارلىقىنى تۆگەل قىلىش (تولۇق ئورۇنلاش)
9. كېرەك. شۇڭا، ئەمدى بۇ ئەلدىن
10. چىقىپ كېتىۋاتىمەن. سىزلەر ئارتۇق
11. غەم قىلمىڭىزلار.» ئاندىن كېيىن مىڭ-مىڭ (مىڭلىغان)،
12. تۈمەن-تۈمەن (تۈمەنلىگەن) جانلىقلار ئۆز ئانىلىرىنى-
13. ئاتىلىرىنى، ئۆي-ۋاقلىرىنى تاشلاپ، هۆرمەت-
14. -كە سازاۋەر مايترى بۇدساۋاتقا ئەگىشىپ مېڭىشتى.
15. ئاندىن كېيىن، بۇرخانلىق چاكرىرت ئېلىگ خان-
16. نىڭ چوڭ ئوغلى تۆزۈن مايترى بۇدساۋات
17. داكسانايات ئەلدىن ماتيادىس دۆلىتىگە
18. يەتكۈچە (بولغان ئارىلىقتىكى) قايسى دۆلەتكە بارسا، سانسىز-
19. نۇرغۇن جانلىقلار ئىنتايىن زور هۆرمەت بىلەن ئالدىغا
20. چىقاتتى. كۆپ تۈرلۈك هۆرمەت-ئېھتىرام
21. بىلدۈرەتتى. شەھەردىن (ياكى) دۆلەتتىن چىقىپ
22. ماڭغاندا، نۇرغۇن جانلىقلار، ياخشى نىيەت-
23. لىكلەر ئامراق كۆرىدىغان جامائەتلىرىنى قويۇپ-تاشلاپ
24. تۆزۈن مايترى بۇدساۋاتنىڭ كەينىدىن ماڭاتتى-
25. تى. سانسىز-نۇرغۇن ئاۋۇندا مايترى ياخشى
26. نىيەتلىك ئوي (پىكىر) پۇشۇرۇش ئۈچۈن، بارلىق (ياخشىلىقنىڭ)
27. ئېگىسى بولۇش ئۈچۈن قايسى ئورمانلىق-
28. قا يەتسە، شۇ ئورمانلىقتىكى ياۋايى-ۋەھشى
29. ئارسلان، يولۋاس، پىل قاتارلىق ياۋا هايۋانلار (خۇددى) كۆندۈرۈلگەن (دەك)
30. يۇۋاش بولاتتى. پىللار تۇمشۇق-

(A)

## ئىككىنچى بۆلۈم سەككىزىنچى ۋاراق

لىرىغا (خارتۇملىرىغا) نىلۇپەر گۈللىرىنى يۆگەپ، تۈزۈن مايىترى بۇدىساۋاتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئوڭغا ئايلىنىپ زور ھۆرمەت بىلدۈرەتتى. ئارسلانلار، يولۋاسلار يەر بېغىرلاپ يېتىپ، سۇزۇك كۆڭۈل بىلەن تۈزۈن مايىترى بۇدىساۋاتنىڭ پۇتىنىڭ ھۆلىنى (تاپىنىنى) يالايتتى. (ئۇلار) شۇنداق دەيتتى: «بارلىق جانلىقلار ئالدىدا گۇناھكارمىز. بىچارە-ئاجىز كىيىكلەرنى (ھايۋانلارنى) قىيناپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆز جېنىمىزنى باقىمىز. سىز تەڭرىم، بارلىق جانلىقلارنىڭ رەھىمدىلىسىز، بىز ھەممىنىڭ رەھىمسىزىمىز، سىز بارلىق جانلىقلارنى سۆيىسىز، ئامراق كۆرىسىز، بىز بارلىق جانلىقلارنى قورقىتىدىغان بەختسىز-تەلەيسىز جانلىقلارمىز. بىز ئەمدى ئۆز گۇناھىمىزنى چۈشىنىۋاتىمىز. بۈگۈندىن باشلاپ يامان قىلمىشتىن توختايمىز. باشقا-باشقا (ھەرقايسى) كىيىكلەرگە (ھايۋانلارغا) ئوخشاش ئوت بىلەن، سۇ بىلەن تېنىمىزنى كۈتۈرەيلى (قامدايلى). بۇ بىزگە ياخشىلىق سەۋەبى بولسۇن، ئاژۇن-ئاژۇندا سىز بىلەن ئۇچرىشىپ، سانساردىن قۇتۇلۇپ چىقايلى. تۈزۈن مايىترى بۇدىساۋاتىمۇ سىلىق-يۇمشاق سۆز بىلەن ئۇ ھايۋانلارنىڭ باشلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەيتتى: «بەك ياخشى ئوغلانلىرىم، يامانلىق، ياۋۇزلۇق قىلماقلار. سىزلەر ئۆزۈڭلەرنىڭ يامان قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن مۇشۇنداق بەدبەشرە ئاژۇندا (دۇنيادا) تۇغۇلغان ئىدىڭىزلەر، ئەمدى دىلىغۇل بولماستىن يامان قىلمىشتىن توختىمىسىڭىزلار، قاراڭغۇدىن

(B)

## (ئىككىنچى بۆلۈم سەككىزىنچى ۋاراق)

1. كىلىپ يەنە قاراڭغۇغا بارغاندا ئوخشاش بولغاي-
2. سىزلەر. شۇڭا ئەمدى غەيرەت قىلىڭلار، قاراڭ-
3. غۇدىن يورۇقلۇققا بارغايسىزلەر. تۈزۈن مايترى
4. مۇشۇنداق تۈرلۈك پاك براماڭ-
5. -لار قائىدىسىنى تۇتۇپ، ئورمانلىقتا كىيىكلەرگە
6. (هايۋانلارغا) پايدا-مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ماڭاتتى. (ئۇ)، تۈنلىرى
7. بولسا، يۇقىرىدىكى ئۇلۇغ كۈچلۈك
8. تەڭرىلەرنى شادلاندۇرۇپ؛ كۈندۈزلىرى
9. بولسا، ئەل-شەھەرلەردىكى جانلىق-
10. لارغا زور پايدا-مەنپەئەت يەتكۈزۈپ يول يۈرەتتى.
11. ئاندىن كېيىن ئەزرۇئا، خورمۇزتا،
12. تۆت ماهاراچ تەڭرىلەر، تېخى يەنە
13. ئۈچلۈك تەڭرى يېرىدىكى ئۇلۇغ، كۈچلۈك
14. تەڭرىلەر، ئامرانىماق (مۇھەببەت) ئېلىگە تەۋە ئالتى
15. قات تەڭرى يېرىدىكى تەڭرىلەر. تەڭرى خاتۇن-
16. لىرى تۈزۈن مايترى بۇدساۋاتىنى كۆرۈپ
17. ھەممىسى گەۋدىلىرىنى ئېگىپ، ئالقانلىرىنى
18. جۈپلىگەن ھالدا يېقىن كىلىپ مۇنداق دېيىشتى:
19. «ھەممىدىن ئۇلۇغ ئېلىگ (خان) ئەزرۇئا تەڭرىدىن
20. ئۇتقان-يەڭگەن بەخت-تەلىيىڭىزگە
21. يۈكۈنىمىز (چوقۇنىمىز). ئۇزۇن يول يۈرگەن ۋاقتىڭىزدا-
22. -مۇ چوڭقۇر-چوڭقۇر دىيان ئويلارنى
23. ئويلايسىزكى، سىز ئۇقمىدىغان دىيان ئوي-
24. لارنى تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاندىن باشقا
25. ئۇقىدىغان جانلىقلار يوقتۇر. (سىز) پۈتكۈل
26. يەر-سۇدىكى (دۇنيادىكى) جانلىقلارنىڭ ياخشى نىيەتلىك
27. بۆشۈكىسىز. ئۇلۇغ ئىلىگ (خان) بولىدىغان بەختى-
28. ڭىزگە يۈكۈنىمىز.» ئاندىن كېيىن
29. ۋايشىرۋانى ئېلىگ بەگ يۈز (تۇتام تۈكى) ساڭگىلاپ تۇرىدىغان
30. تەڭرىلىك پاشا قورۇغۇچىنى تۈزۈن مايترىنىڭ

(A)

## ئىككىنچى بۆلۈم تۇققۇزىنچى ۋاراق

بېشى ئۈستىدە ئايلاندۇرۇپ ئوردىسىدا يۈرەتتى. ۋىرۇتاكى ئىلىگ بەگنىڭ يارلىقىغا (بىنائەن) نانتى (258) ئوپانانتى (259) قاتارلىق كومبانىتلار ئىلىگلىرى تۆزۈن مايتىرى بۇدىساۋاتنىڭ ئۆتەر يولىدا يۈرۈپ يەر سۈپۈرەتتى. ۋىرۇپاكى (260) ماھاراچىنىڭ يارلىقىغا (بىنائەن) چالاپاراپى (261) قاتارلىق ئەجدىھا بەگلىرى ئىپار ھىدلىق سۇ بىلەن يەرنى ھۆل قىلىپ چاچاتتى. (ئىپارھىدلىق) خۇش پۇراق سۇنى چېچىپ يەرنى نەملەيتتى. ۋىسۋاكارمى (262) ئۇز تەڭرى ھەر تۈرلۈك گۈل-چېچەكلەر بىلەن يەرنى، يولنى ياسايتتى، بېزەيتتى، ترنتراستىرى ماھاراچىنىڭ (263) يارلىقىغا (بىنائەن) تىمبۇرى (264) پانچاسىكى (265) قاتارلىق كانتارۋىلار بەگلىرى ئىشتىپ، قانغۇسىز بەش تۈرلۈك يېقىملىق ئويۇن (ساز) چالاتتى. ئاندىن كېيىن ئەزرۇئا تەڭرى خورمۇزتا تەڭرىگە مۇنداق دېدى: «قاراڭ، كائۇزىكى (266) بىرىنچىدىن، ئاۋۇنلاردا (ھاياتىدا) ياخشى، قۇتلۇق جانلىقلارنى، دىنتارلارنى، ئاتا-ئانىسىنى سۆزۈك كۆڭۈل بىلەن ھۆرمەتلىگەنلىكى-ئىززەتلىگەنلىكى ئۈچۈن، قارلىق داۋانلارغا ئورمانلىقلارغا يەتكەندە، تەڭرى (ۋە) ئىنسانلار (مايىترىغا) كەم-كۈتىسىز تولۇق خىزمەت قىلىدۋاتىدۇ. ئۇ شۇنداق ئاچچىق ئازاب چېكىپ، كۆڭلى ئارتۇقچە شاد-خورام بولمىغان بولسىمۇ؛ يەنە مۇشۇنداق ئۇزۇن يولدا يۈرۈۋېتىپ ھېرىپ-چارچاپ (كەتكەن بولسىمۇ)؛ چۆكمەس-پاتماس بىر خىل تۈپ-تۈز كۆڭۈل بىلەن بارلىق جانلىقلار توغرىسىدا ياخشى نىيەتلىك ئوي ئويلايدۇ. ئىككىنچى مىزگىللىك تەڭرى بۇرخاننىڭ ياخشىلىقىنى، پەزىلىتىنى ئويلايدۇ. ئۈچىنچى مەزگىللىك

(B)

## (ئىككىنچى بۆلۈم توققۇزىنچى ۋاراق)

1. ئويلاپ، سۆزلەپ يەتكۈسىز تىرەن (چوڭقۇر) دىيان
2. ئويلارنى ئويلايدۇ.» ئاندىن كېيىن خورمۇزتا
3. تەڭرى مۇنداق دېدى: «تەڭرى تەڭرىسى
4. بۇرخانغا تېخىمۇ بەكرەك يېقىن بېرىپ،
5. ئۆي-ۋاقىتدىن چىقىپ تويىن بولۇشنى بەكمۇ
6. ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمدى قاراڭ تەڭرىم، بېشىدىكى
7. كۆكۈش رەڭلىك تاجىسى سېرىلىپ
8. توختىمىغاچقا، ئازىراق
9. يۆتكەپ باسۇرۇپ (كېيىۋاپتۇ) كۆكۈش
10. رەڭلىك كۆركەم كۆزى بىلەن ئۇ تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان قايسى
11. تەرەپتىن يارلىق قىلسا، شۇ تەرەپكە
12. تاقەتسىزلىك بىلەن تەلمۈرۈپ قارايدۇ.
13. (ئۇ)، تۇغۇلۇپ ئازاب كۆرمىگەن يۇمران
14. يۇمشاق تېنى بىلەن ئۈزۈن يول
15. يۈرۈپ ھارغاندەكمۇ بولمايدۇ. (چۈنكى ئۇ) تويىن
16. بولۇش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ جاسارەت بىلەن
17. يول يۈرۈۋاتىدۇ.» ئاندىن سادۇساتى تەڭرى مۇنداق
18. دېدى: «ئەمدى تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان
19. كۆپ يىراق (يەردە) ئەمەس، نېمە ئۈچۈن دېسە،
20. مۇشۇ مادىيادىس دۆلىتىگە تەۋە
21. يەر-زېمىنگە يەتتى.» سۇياما (267) تەڭرى مۇنداق
22. دېدى «ئۇنى يەنە دىققەت بىلەن كۆرۈڭلار، ماد-
23. يادىس دۆلىتىدىكى جانلىقلار قارا بۇلۇت-
24. تەك يىغىلىپ گانگ دەرياسى قىرغىقىغا كېلىپ
25. تۈزۈن مايترىغا ئۇدۇل كېتىۋاتىدۇ.
26. ئۇ جانلىقلارنىڭ بەزىلىرى تۈزۈن مايترىنىڭ
27. ئېرىق برامان قەۋمىنى مەدھىيىلەيدۇ. بەزىلىرى (ئۇنىڭ)
28. ئىنتايىن چوڭقۇر ئەقىل-پاراسىتىنى مەدھىيىلەيدۇ.
29. بەزىلىرى بارلىق جانلىقلار توغرىسىدا
30. مايترى (مېھرى-شەپقەت) ئويىنى ئويلىغانلىقىنى مەدھىيىلەيدۇ.

**(A)**

## ئىككىنچى بۆلۈم ئونىنچى ۋاراق

بەزىلىرى، (ئۇنىڭ) كۆرۈپ قانغۇسىز گۈزەل جامالىنى مەدھىيىلەيدۇ.» ئاندىن كېيىن خورمۇزتا تەڭرى مۇنداق دېدى: «داكساناپات ئەلدىكى دارمات دەرياسىدىن گانگ دەرياسى سۇيىگە يەتكۈچە (بولغان ئارىلىقتا) توققۇز مايترى ئالدىغا كېيىن زادى (ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە) ئېرىشەلمەيدىغان جانلىقلار كېلىپ تۇرىۋاتىدۇ.(خۇددى) ئامراق ئاتىسى يېتەكلەپ، بىردىن بىر ئەكە ئوغلانى (ئاتىسى) كەينىدىن ئەگىشىپ كېتىۋاتقاندەك، ياكى خۇددى دانىشمەن ئۇستازى ئىزقۇغۇچى شاگىرتلىرىنى باشلاپ كېتىۋاتقاندەك ئۇلۇغ-كاتتا براماندلار دانىشمەنلىرى (ۋە) ئەل-شەھەرلەردىكى باي-دۆلەتمەن كىشىلەر تىقلىپ كەتكەن يولغا سىغىشماستىن توققۇز مايترى بودىساۋاتنى كۆرۈش ئارزۇسى بىلەن (ئۇنىڭ) كەينىدىن كېتىۋاتىدۇ.» ئاندىن كېيىن ئەزرۇئا تەڭرى مۇنداق دېدى: «ئەمدى داكساناپاتتىن بۇياققا چىقىپ كەلگەندىن بېرى، شەھەر-دۆلەتلەردىكى جانلىقلار يىغىلىپ تۈگەل قىرىق تۈمەن جانلىق بولدى (ۋە) توققۇز مايتەرى بودىساۋاتقا شاگىرتلىق تەلىپىنى كۆرۈۋگە بەردى.» ئاندىن خورمۇزتا تەڭرى مۇنداق دېدى: «مانا ئەمدى ماگات ئەلىنىڭ ھۆسنى (زىننىتى)، ئىپتىخارى بولغان پاساك تاغدا ئۈچ قات يەر-سۇنىڭ (دۇنيانىڭ) ئۆمىد-ئىشەنچى، ئۇستازى-تۈگەل دانا تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان توققۇز مايترى بودىساۋاتنىڭ تويىنىلىقتا كىرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ.» ئاندىن كېيىن ئەزرۇئا تەڭرى مۇنداق دېدى: «يەنە ئۇلۇغ تۆرلۈك تەڭرىلەر، ئاسۇرلار، ئەجدىھارلار، يەكلەر، سان-ساناقسىز كىنتىرى، كىنتارۋ-

(B)

## (ئىككىنچى بۆلۈم ئونىنچى ۋاراق)

1. لار تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئەتراپىدا
2. ئولتۇرۇپ نەم تىڭشاۋاتىدۇ. ئەمدى بىزمۇ
3. تۆۋەنگە چۈشەيلى.» ئاندىن خورمۇزتا تەڭرى مۇنداق
4. دېدى: «شۇنداق قىلايلى، چۈشسەك چۈشەيلى. تەڭرى
5. تەڭرىسى بۇرخاننىڭ بەختىگە ئېرىشىدىغان
6. ئۇلۇغ ئوغلى بىلەن ئۇچرىشىش مۇراسىمىنى كۆرۈپ
7. كۆزىمىزنى قۇتلۇق قىلايلى.» ئاندىن
8. كېيىن، تۆزۈن مايترى بودىساۋات
9. ئاچچىتى قاتارلىق ئۈن بەش ئوغۇل
10. بىلەن بىللە تېخى يەنە ئۇندىن باشقا
11. قىرىق تۈمەن جانلىقلار بىلەن توپلىنىپ،
12. ئۈستىدە تەڭرى، ئاستىدا ئىنسانلىڭ
13. ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، تويمىن بولماق
14. ئارزۇسى بىلەن ماگات ئېلىگە تەۋە دۆلەت-
15. شەھەرلەردە يۈرۈپ پاساڭ تاغقا
16. يەتتى. ئەزرۇئا تەڭرى قاتارلىق
17. تەڭرىلەر ئىلىگلىرى، راھۇ، سىراپرايىو، ۋىما-
18. چاترى (268) قاتارلىق ئاسۇرلار بەگلىرى، پىنگالى،
19. ئىلاپاترى (269) قاتارلىق ئەجدىھا خانلىرى، دۇرۇمى
20. دۇمپۇرى (270) قاتارلىق سان-ساناقسىز كىنتىرى-
21. كىنتارۋىلارنىڭ كۈچلۈكلىرى، ھۆرمەتكە
22. سازاۋەر مايترى بودىساۋاتنىڭ راۋاۋارت (271)
23. ئۆگلۈك كۆكۈچ چاچلىق (پۆپۈكلۈك) تاج بىلەن بېشىنى
24. بېزىگەن، ياتنۇ بايىت (272) ئاتلىق ئاپپاق
25. سىرىناتى (273) يۆگەنگەن، ئالتۇن ئۆگلۈك يالتىراق
26. يېپيېڭچا يېپىنغان، دەستىسىگە ئۈنچە قويۇلغان
27. بىلەيزۈكلەر - ئۈزۈكلەر بىلەن قول-پۇتىنى بېزىگەن-
28. زىننەتلىگەن ھالدا ھازىرقى ئەزرۇئا
29. تەكرىگە ئوخشاش پاساڭ تاغقا تىكىلىدىغانلىقىنى
30. شۇ يەردە ئېنىق ئۇقتى، كۆردى. ئاندىن (ئۇلار) تۆزۈن

(A)

## ئىككىنچى بۆلۈم ئون بىرىنچى ۋاراق

1. مايترى كەلدى دەپ، زور، قاتتىق
2. ھۆرمەت بىلەن ئۆز ئورۇنلىرىدىن
3. ئۆرە تۇردى. (ئۇلار) نۇرلۇق يالتىراقلىق قول-
4. لىرىنى جۈپلەپ گەۋدىلىرىنى ئېگىپ
5. قوللىرىنى ماڭلىيىغا تەككۈزۈپ، مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىلەن قاراپ
6. ھەيران بولۇپ، تۈزۈن مايترى بودىساۋات-
7. قا مۇنداق دېدى: «كەلمىشىڭىز
8. ياخشى (ۋە) ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدىغان خەيرلىك پەيتكە توغرا
9. كەلدى. مانا ئەمدى مېھرى-شەپقەتلىك (مايترى)
10. تەييار تۇردۇ. تەڭداش-
11. سىز تۆگەل دانا تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان
12. سىزنىڭ ۋازانپات قىلماقلىق، تېيىن
13. بولماقلىق ئىشىڭىزنى پۈتتۈرگىلى تەييار تۇرىدۇ.
14. سىز نېمە سەۋەبتىن تۈۋشت (274) تەڭرىسىنىڭ شادلىق، باتۇرلۇق (قاپلىغان)
15. يېرىنى، تەڭرىلىك جامائەتنى، تەڭرى قىزلىرىنى (پەرىزاتلارنى)،
16. تەڭرىلىك ھاياتنى تاشلاپ قويۇپ، يەر-
17. سۇغا (دۇنياغا) چۈشكەن بولسىڭىز، ئەمدى ئۇ ئەھۋاللارنى
18. ئۈزۈپ (ھەل قىلىپ) بەرگۈچى نوملۇق ئاتا-قاڭ بىلەن ئۇچرىشىپ،
19. جانلىقلارغا ئۈمىد-ئىشەنچ بولىدىغان ئۇلۇغ
20 ئارزۇيىڭىز قاندۇ.» ئاندىن كېيىن مايترىلىق (مېھرى-شەپقەتلىك)
21. ئەزرۇئا تەڭرى، تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئەردىنىنى
22. كۆرۈش ئارزۇسى بىلەن ھېلىقى دىغۇللارنى ئەترا-
23. پىغا ئېلىپ تەۋرىدى (ۋە) شۇ ئارىدا
24. كۆز يېتىم يەردە تەڭرى تەڭرىسى بۇرخانىنىڭ
25. سان-ساناقسىز تەڭرىلەر جامائىتى ئوتتۇرىسىدا
26. ئەردىنى بىلەن ياسالغان ئالتۇنلۇق تاغقا ئوخشاش
27. يۈز ئون ئىككى تۈرلۈك قۇت-
28. بۇيانلىغ (بەخت سائادەتلىك) سىدلتەنىتى بىلەن ئارسلانلىق
29. تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ نوم نوملاۋاتقانلىقىنى
30. كۆردى، سانسىز تۈمەن ماھاكالپتىن (275) بېرى،

(B)

**(ئىككىنچى بۆلۈم ئون بىرىنچى ۋاراق)**

1. بۇرخاننى كۆرۈپ ئۆگىنىش ئۈچۈن (تەلىم ئېلىش
2. ئارزۇسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى) شەكسىز تەڭرى تەڭرىسى
3. بۇرخان ئىكەن دەپ ئېنىق ئۇقتى، شۇنداق قىلىپ يەنە بادارى
4. بىراھمان بىلەن قىلىشقان سەممىي سۆزلەرنى
5. ئويلاپ - ئەسلەپ، سۈزۈك كۆڭۈل بىلەن ۋە ياشلىق
6. كۆزى بىلەن يىغلاپ، ھوشيار ئوغۇللارغا
7. مۇنداق دېدى: «قاراڭلار، ياخشىلىرىم،
8. (ئۇ) شۈبھىسىز تۆگەل دانا تەڭرى
9. تەڭرىسى بۇرخاننىڭ ئۆزىدۇر. ھەقىـ
10. قەتكە قاراڭلار، ياخشى دېيىلاڭلار (كۆزىتىڭلار)، راۋاۋارت
11. ئۆڭلۈك كۆك چېچى، ئۇسىنىلىق چوققىسى - بېشى،
12. قاش تۈرۈلىدىغان ئورۇن ئاتلىق (قوشۇمىسىدىكى) ئاق
13. تۈكى، بۇقىلارنىڭكىدەك كىرپىكى، كۆكۈش
14. ئۆڭلۈك (رەڭلىك) كۆزى، ئەزرۇئانىڭكىدەك چىقىدىغان ئۈنى،
15. يۇقىرى - نېپىز، كەڭ - ياپىلاق تىلى، تەكىرلىك
16. لەززەتكە تەككەن تاق (ئەقىل؟) چىشى، ئارسلانلار -
17. نىڭكىدەك قورسىقى، ئىچكىرىدىكى ئاق ئېزىقـ
18. لىرى، تولۇق قىرىق چىشى، ئاراچىسىز - يېرىقسىز تۈپ -
19. تۈز (تەپ - تەكشى) چىشلىرى، كېلىشكەن - چىرايلىق يەلكىلىرى،
20. راۋۇرۇس بويى - بەستى (قەددى قامىتى)، ياساپ قويغاندەك
21. تاغىقى، يەتتە يەردىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان
22. بەددىنى. ئالتۇن ئۆڭلۈك چىرايى، ئوڭغا
23. بۇرۇلغان - يۆگەلگەن (بۈدۈر) تۈكلىرى، يۇقىرىغا
24. ئۆسكەن تۈكلىرى، قىنىغا يوشۇرۇنغاندەك ئۇياتلىق يېرى،
25. دۈپ - دۈگىلەك بەددىنى، گەۋدىسىنى ئەگمەي
26. تىز لېپىكىنى سىلاپ ئولتۇرۇشى ئاۋايىي ئاتلىق كىيىكـ
27. نىڭكىدەك يوتىسى، ناھايىتى ئېگىز پۇتىـ
28. نىڭ يۈزى، ئۇپ - ئۇزۇن تورلۇق قولى - پۇتى،
29. پاختا - كېۋەزدەك يۇپ - يۇمشاق تاپىنى، ئالقىنى،
30. ئاجايىپ چىرايلىق سۆڭىكى (تەن قۇرۇلۇشى) چاكار - چاۋـ

(A)

## ئىككىنچى بۆلۈم ئون ئىككىنچى ۋاراق

لىق ئالقىسى، تاپىنى، ناھايىتى تۈپ - تۈز ئۆزەڭگىلىكى،
مۇشۇنداق تۈرلۈك (يۇقىرقىدەك) ئۈتتۈز ئىككى تۈرلۈك
بەخت كەلتۈرىدىغان بەلگىلىرى ئوچۇق - ئېنىق كۆرۈ-
نۈپ تۇرىدۇ.» (ئوغۇللار) شاتلىنىپ - سۆيۈنۈپ
مۇنداق دېيىشتى: «ھەقىقەتەن تۈگەل
دانا تەڭرىسى بۇرخان ئىكەن. ھەقى-
قەتەن تەڭداشسىز پۈتۈنلەي توغرا تۇيماق-
تا يەتكەن تۈزۈن جانلىق
ئىكەن. (ئۇنىڭ) كۆرۈپ قانغۇسىز، شۇقەدەر
گۈزەل چىرايى، شۇقەدەر خۇش پېئىللىق ئولتۇرۇش -
قوپۇشى، شۇقەدەر تاتلىق - چۈچۈك
گەپ - سۆزى،» ئاندىن كېيىن ھېلىقى ئوغۇللار
بادارى بىرامان بىلەن پۈتۈشكەن سۆز-
لەرنى ئويلاپ، قوللىرىنى يۇقىرى كۆ-
تۈرۈپ، تەڭرى تەڭرىسى بۇرخانغا ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرۈپ
پۈلاڭشىتتى. ئاندىن كېيىن تىسى (276) ئاتلىق
ئوغۇل يوشۇرۇن كۆڭۈل بىلەن سوئال سورىدى:
«بىزنىڭ ئۇستازىمىز بادارى بىرامان قانداق
نەسەبلىك ئىكەن؟» ئاندىن تەڭرى تەڭرىسى
بۇرخاننىڭ مۇنداق ئويى بولدى: «بۇ
ئوغۇللار مەندىن كۆڭلىدىكى سوئاللىرىنى سورى-
ماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەمدى بۇلارنىڭ سورىغان
سوئاللىرىنى توسالمايدىغان - تۇتۇلمايدىغان ئەقىل - پاراسەت بىلەن
يېشىپ بېرەيكى، ھەممىگە ياخشىلىق،
بارچىغا قۇتۇلغۇلۇق سەۋەبى بولسۇن.» ئاندىن
كېيىن تۈگەل دانا تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان
ئەزرۇئا ئۇنى بىلەن تىسى (ئاتلىق) ئوغۇلغا مۇنداق
دېدى: «بۇرۇنقى ۋاقىتتا باراناس ئاتلىق ئارژى (بار) ئىدى.
شۇ ئارژىنىڭ (كەينىدىن) رېتى بويىچە سېنىڭ
ئۇستازىڭ بادارى بىرامان پەيدا بولغان.

(B)

(ئىككىنچى بۆلۈم ئون ئىككىنچى ۋاراق)

شۇڭا باغى باراين (277) دېيىلىدۇ.» ئۇنى ئىشتىپ ئۇ ئوغۇللار يەنە بىر قېتىم ئىنتايىن ھەيران بولغان ھالدا مۇنداق دېيىشتى: «تۇساقسىز (راۋان). تۇتۇقسىز (ئېنىق) تۈگەل دانىشمەنلىك پەزىلىتى ئىنتايىن ھەيران قالارلىق ئىكەن.» ئاندىن كېيىن ئاچچىق (ئاتلىق) ئوغۇل مۇنداق دەپ كۆڭلىدىكى سوئالنى سورىدى: «ئۇستازىمىز بادارى بىرامان نەچچە ياشتا بارىكىن؟» تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان دانىشمەنلىك كۆڭلى بىلەن دانالىنىپ مۇنداق دېدى: «سېنىڭ ئۇستازىڭ بادارى بىرامان تولۇق يۈز يىگىرمە ياشلىقتۇر.» ئاندىن دونىكى (ئاتلىق) ئوغۇل كۆڭلىدىكى سوئالنى سورىدى: «مېنىڭ ئۇستازىم بادارى بىرامان نەچچە مەزگىللىك شاگىرتلارغا شاستىر، ئەقىل-ئىلىم ئۆگەتتىدۇ؟» پىللارنىڭكىدەك ياڭراق ئۈنى بىلەن تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان مۇنداق دېدى: «سېنىڭ ئۇستازىڭ بادارى بىرامان بەش يۈز بىرامان ئوغۇللىرىغا شاستىر ئەقىل-ئىلىم ئۆگەتتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن سىزلەر-ئىن ئالتىڭلار بۇيەرگە كەلدىڭىزلەر.» ئاندىن كېيىن موگاراچى (ئاتلىق) ئوغۇل كۆڭلىدىكى سوئالنى سورىدى: «تۆپە-تۆپە دېيىشىدۇ. تۆپە دېيىلىدىغان قانىدە قانداق بولىدىكىن؟» تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان جاراڭلىق ئۈنى بىلەن مۇنداق دېدى: «دانىشمەن بىلىملىك بۇرخانلارنىڭ يەر-سۇدا (جاھاندا) مەيدانغا چىقىشى، ياخشى نوملۇق يارلىق قىلىشى، تۈزۈن بۇرسۇڭ ئەردىنىنىڭ ياخشى قانۇنغا قېتىلىشى (قاتارلىق) بۇ ئۈچ ئەردىنىگە قايسى تۈزۈنلەر نوغلى تاغمايدىغان سىزۈك كۆڭۈل تۇرغۇزسا، شۇ تۆپە ئاتلىق

(A)

## ئىككىنچى بۆلۈم ئون ئۈچىنچى ۋاراق

1. ياخشىلىق يىلتىز-مەنبە بولىدۇ. ئۇنى سىزلەر شۇنداق ئۇقۇڭ-
2. لار ئاق كۆڭۈل ئوغۇللار.» ئاندىن كېيىن ئوپاس-
3. مى (278) (ئاتلىق) ئوغۇل (كۆڭلىدە) ساقلاپ(كەلگەن) سوئالنى سورىدى:«هۆرمەتكە
4. سازاۋەر تەڭرىم، تۆپىدىن تېيىلماق، يىقىلماق
5. قانداق تۈرلۈك بولىدىكىن؟» (بۇرخان) ئارسلان قىياپىتىنى
6. چىقىرىپ مۇنداق دېدى: «قايسى جانلىق
7. بۇرۇن ئۈچ ئەردىنىگە سۆزلۈپ (كۆڭۈل بېرىپ)
8. كېيىن يەنە ئانچە-مۇنچە سەۋەب بىلەن
9. نەپرەتلىنىپ سۆزلۈك كۆڭلى مۇجۇلسا
10. سىقىلسا، بۇ، تۆپىدىن تېيىلماق،
11. يېقىلماقتۇر.» ئاندىن كېيىن پىريانكىكى (279) قاتارلىق
12. قالغان ئون ئوغۇل بۇرنا ۋياكرا (280) قاتارلىق
13. شاستىرلار ئىچىدىكى ئۆزلىرى ئۆگەنگەن،
14. خالىغان شاستىرلار توغرىسىدىكى سوئالنى سورىدى. ئۇنىڭ-
15. مۇ تۆگەل دانا تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان
16. شۇنداق راۋان، ئېنىق هالدا ئەقىل-پاراسەت بىلەن
17. ئايرىپ (يېشىپ چۈشەندۈرۈپ) بەردى. ئاندىن كېيىن تەڭرى تەڭرىسى
18. بۇرخان يەنە بىر قېتىم، ئۇ ئوغۇللارنى چاقىرتىپ مۇنداق
19. دېدى: «بۇ ئوغۇللار بىلەن تۆزۈن
20. جانلىقلار ئۇقۇشقا تېگىشلىك تۆت تۈرلۈك نوملار توغرا-دۇرۇس نوملار
21. بار. بۇ تۆت تۈرلۈكى قايسىلار دېسە، بىرىنچى تۈش (مىۋە، نەتىجە)
22. بولغان بەش بېقىندى نەرسىدىن ئىبارەت بولغان تەن مۆلچەرلىگۈسىز، مەڭگۈسىز
23. ئازاب يىلتىزى بىلەن قۇرۇق-بوشمۇ؟
24. بۇنى مېنىڭسىز ئۇقسا-بىلسە؛ ئىككىنچى، سەۋەبى
25. يىغىلغان بەش بېقىندى نەرسىدىن ئىبارەت بولغان تەننىڭ نېمە سەۋەب بىلەن
26. مەيدانغا چىقىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىش (ۋە) نېمە
27. ئۈچۈن بولىدىغانلىقىنى ئۇقماق-بىلمەك؛ ئۈچىنچى،
28. ئېقىغلىق (يۈرگۈزۈلۈۋاتقان) قائىدىلەرنىڭ ئۆچىدىغانلىقى، يوقىلىدىغانلىقىنى
29. (ۋە) ئاۋالقىسىنى، يوقىرىدىكىسىنى بىلمەك-ئۇقماق؛ تۆتىنچى،
30. نىرۋانغا بارىدىغان توغرا يولنىڭ ئاساسىنىڭ يول-

(B)

(ئىككىنچى بۆلۈم ئون ئۈچىنچى ۋاراق)

1. چىغىر يول ئىگىدىلىكىنى، قائىدە-يوسۇنلۇق تۇرق-
2. قىياپەت چىقارماقنىڭ مەنبەسى ئىگىدىلىكىنى (بىلمەك-ئۇقماق). مۇشۇنداق
3. ناھايىتى چوڭقۇر (مەنىلىك) تۆت تۇغرا نومنى تولۇق
4. ئۇقتۇرىدىغان نوملۇق سۆزلەرنى ئىشتىپ، تۈزۈن مايىترى
5. (ۋە) ئاچىتىدىن باشقا قالغان ئون تۆت ئوغۇل
6. ھەم باشقا بىر قانچە تۈمەن تەڭرى،
7. ئىنسانلار سورداپان بەختىنى تاپتى.
8. ھەممىسى ساكارداگام بەختىگە
9. ئېرىشتى. بەزىلىرى يەنە ئاناگام
10. بەختىنى تاپتى. نۇرغۇنلىرى يەنە
11. پاردىكابۇت بەختىگە ئاغمايدىغان كۆڭۈل تۇرغۇز-
12. دى. ئاندىن كېيىن ھۆرمەتكە سازاۋەر
13. مايىترى بۇدىساۋات ئاسانكى كالپ سانىچە ئۇزاق
14. ۋاقىتتىن بېرى ئىنسان پەرزەنتىگە پايدا-مەنپەئەت
15. يەتكۈزۈپ ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن، يەنە ئەۋەلقىدىن
16. ئەۋەلقى سۈزۈك كۆڭۈل بىلەن ئۆي-
17. ۋاقىنى تاشلاپ تويىن بولۇشنى ئارزۇ قىلغانلىقى ئۈچۈن
18. بۆگۈنكى كۈن مەن تۈگەل دانا
19. تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ ذىممىدا
20. شەك-شۈبھىسىز تويىن، دىنتار
21. بولىمەن» دەپ جەزمەن ئۇقتى، ئېنىق بىلدى (قەتئىي قارارغا كەلدى).
22. مۇشۇنداق ئويلاپ، ئۇ ياخشىلىق ئاتلىق ئۆز جامائىتى تەرەپكە
23. قاراپ مۇنداق دېدى: «بىز ھەممىمىز ھېلى
24. تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ ناھايىتى ئۇلۇغ بەخت كەلتۈرىدىغان
25. بەلگىلىرىنى كۆردۈق. پاكىز، بەلگىلىك (ساپ، ئېنىق)
26. ئىشتىپ قانغۇسىز نومىنى تىڭشىدۇق. ئەمدى
27. خەيرلىك ئىشقا تۇسالغۇ-توسقۇن (بولىدىغان) بىپەرۋا
28. كۆڭۈل تۇرغۇزسا (بولىدىغان) ئۇنداق قائىدە يوق. نىمە ئۈچۈن دېسەڭ
29. بۇ بەكسىز (بوش) مەڭگۈسىز تەن، ئورۇنسىز (تۇتامسىز) كۆڭۈل
30. خەيرلىك ئارزۇ-ئارماننى كۈتكىلى ئۇنىمايدۇ.

(A)

## ئىككىنچى بۆلۈم ئون يەتتىنچى (؟) ۋاراق

1. -گە كۆك ئاسماندىكى تەڭرىلەر ئۇلۇغ
2. ئۇنى بىلەن مۇنداق دېدى: «سىزنىڭ تويىن
3. دىنتار بولغانلىقىڭىزغا تەزىم قىلىپ
4. يۈكۈنىمىز. بىزنىڭ بەختىمىزگە كېچىكمەستىن
5. شاھزادە دانىشمەن نامىغا ئېرىشىڭ،
6. قايسى چاغدا! بۇرخان بولۇپ يەر يۈزىدە
7. مەيدانغا چىقسىڭىز، شۇچاغدا بىز -
8. نىمۇ ئۇنۇتماڭ.» ئاندىن كېيىن
9. ئەزرۇئا تەڭرى تىكىلگەن كۆزى بىلەن
10. تۈزۈن مايترى بودىساۋاتقا قاردۋېتىپ
11. (خورمۇزتا تەڭرىگە) مۇنداق دېدى:
12. قاراڭ سىز كائۇزىكى، شۇنداق چىرايلىق
13. ...... بىلەن يارىشىپتۇ. ئارتۇقتىن
14. ئارتۇق تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان بىلەن ئوخشاش-
15. تۇر. بىردىن بىر تويىن ھۆسنى بىلەن
16. (ياراشتى. ئاندىن كېيىن خورمۇز)تا تەڭرى مۇنداق
17. دېدى: «شۇنىڭ ئۈچۈن كۆك ئاسماندىكى قۇت
18. ۋاخشىكلار ئىنتايىن شاد - خورام
19. بولۇپ، ئالىيجاناب مايترىنىڭ نۇرغۇن تۈرلۈك
20. مەدھىيىسىنى ئوقۇيدۇ. ئۆز تەنلىرىنى گۆرۆگە
21. تۇتقۇزىدۇ.» ئاندىن كېيىن پرىيانكىكىدىن
22. باشقا، ئاچىتى قاتارلىق ئون تۆت
23. ئوغۇل (ۋە) ئەگىشىپ كەلگەن قىرىق تۈمەن
24. جانلىقنىڭ ھەممىسى مايترى بودىساۋاتقا مۇھەببەت
25. بىلەن ئۈچ (خىل) ئۈمىد تۇتماق قائىدىسى بويىچە ئوغۇل
26. كىشى قويۇپ تويىن، دىنتار بولدى. ئاندىن كېيىن
27. پرىيانكىكى ئوغۇل سورداپان بەختىنى تېپىپ،
28. ئۇلۇغ، كاتتا ھۆرمەت بىلەن تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان-
29. دىن ئىجازەت ئېلىپ، ھەقىقىي، ئاددىي تېنى بىلەن
30. ئۇستازى بادارىغا ئۇ ئەھۋاللارنى خوشاللىق (بىلەن) يەتكۈز-

(B)

(ئىككىنچى بۆلۈم ئون يەتتىنچى (؟) ۋاراق)

1. **گىلى داكساناپات** ئەلگە قاراپ ماڭدى. ئاندىن
2. كېيىن ھۆرمەتكە سازاۋەر تەگرى تەگرىسى بۇر-
3. خان تۆزۈن مايترى بودىساۋات باشچىلىقىدىكى يېڭى
4. تويىن بولغان قىرىق تۆمەن جامائەتنى چاقىرىپ
5. مۇنداق يارلىق قىلدى: «(سىزلەر) ئېسىل پەزىلەتلىك، بەخت
6. تەلەيلىك ئوغلۇمسىزلەر، تويىن دىنتار
7. بولغانلىقىڭىزلار ياخشىدىن ياخشى (ئىنتايىن ياخشى)
8. بولدى. كىشى تېنى تاپقانلىقىڭىز-
9. لار ئىنتايىن ياخشى بولدى. نېمە ئۈچۈن دېسە، ئۇدۇمبار
10. چېچەككە ئوخشاش ناھايىتى تەستە تاپقىلى بولىدىغان بۇرخان-
11. لار يەر يۈزىدە پەيدا بولىدۇ.
12. ئاشۇنداق تەستە تاپقىلى بولىدىغان ئۇستازنى تاپقان
13. بولسىڭىزلار، ئەمدى تەن بىلەن، تىل بىلەن، كۆڭۈل بىلەن، ياخشى
14. قىلمىش، ساۋاب - دىيانەت يىغىڭلار، بۇرخانلار يار-
15. لىقىنى پۈتتۈرۈشكە تىرىشىڭلاركى، نىرۋانلىق
16. يولغا تەككۈچى، ماڭغۇچى بولغايسىزلەر. شۇڭا
17. سىزلەر بېرىڭلار. ئۆز تېنىڭىزلارغا
18. ياخشىلىقى (بار) ۋە باشقىلارغا پايدىلىق ئىشقا سەگەك-
19. ھوشيار بولۇڭلار. مەن يەنە ئەمدى ئۇربىلۇۋا كاسىپ (281)
20. قاتارلىق جانلىقلارنى قۇتقازغىلى بارىمەن. بۇ
21. يارلىقنى قىلغاندىن (كېيىن)، ھېلىقى يىغىلغان سانسىز
22. تۆمەن جامائەت تارقىلىپ كەتتى.
23. مايترى سىمىت نوم پۈتۈكتە مايترى بودىساۋات-
24. نىڭ تويىن بولۇشى ئاتلىق ئىككىنچى بۆلۈم
25. تۈگىدى.

نامۇ بۇت، نامو دارام، نامو ساڭ.

(A)

## ئۈچىنچى بۆلۈم بىرىنچى ۋاراق

نامو بۇت، نامو دارام، نامو ساڭ ئەدى بۇ نوملۇق سۆزنى كاپىلاۋاستۇ شەھىرىدىكى نىگۇدارام (282) ئاتلىق ساڭرامدىن ئۇقۇش كېرەك. ئاندىن كېيىن ماھاپىراجاپاتى گائۇتامى (283) خاتۇنىنىڭ باتىنى (284) ئاتلىق خىزمەتچى قىزى تەڭرى تەڭرىسى بۇرخانىنىڭ سىراۋاست (285) كەنتتىن كاپىلاۋاستۇ شەھىرىگە (قاچان) كېلىدىغانلىقىنى سوراش ئۈچۈن شەھەردىن چىقىپ نىگۇدارام ساڭرامىغا باردى. (ئۇ) ساڭرام قاپقىسىغا كېلىپ ماھانامى ئۇراكۇنى چاقىرىپ (ئۇنىڭدىن) سورىدى. ئاندىن كېيىن ساڭرامغا (كەلگەن) ئۇرغۇنلىغان مەلىكىلەر ئارىسىدىن بىر ئۇپاسانچ چىقىپ، باتىنى قىزنى كۆرۈپ مۇنداق دەپ سورىدى: «سەن قەيەردىن ئىدىڭ، نېمە ئىشقا كەلدىڭ؟» كېيىن باتىنى قىز مۇنداق دېدى: تۆگەل دانا تەڭرى تەڭرىسى بۇرخانىنىڭ كاپىلاۋاستۇ شەھىرىگە (قاچان) كېلىدىغانلىقىنى ماھانامى ئۇراكۇ بەگدىن سورىغىلى كەلگەنىدىم. كېيىن ھېلىقى ئۇپاسانچ مۇنداق دېدى: «تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ كەلمىكى ساڭا نېمىگە كېرەك ئىدى؟ باتىنى قىز مۇنداق دېدى: «شاكىيلارنىڭ خاتۇنى ماھاپىراجاپاتى گائۇتامى ئۆز قولى بىلەن ئىنتايىن جاپالىق ئىشلەپ تەڭرىلىك كاش (286) ئاتلىق تاۋارغا ئىخشاش بۆز توقۇپ، پاكىز يۇيۇپ تەييارلاپ قويغانىدى. شۇندىن كېيىن مېنى تەڭرى تەڭرىسى بۇرخانىنىڭ (قاچان كېلىدىغانلىقىنى) سورىغىلى ئەۋەتتى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ھېلىقى ئۇپاسانچ ھەيران بولۇپ مۇنداق دېدى: «بارلىق مەلىكىلەرگە بەخت كەلتۈرگەن، ئۇلارنىڭ نازاكىتىنى كۆچەيتكەن گائۇتامى خاتۇندۇر. شۇنداق تۇرۇپ بارلىق چىۋەرلىكنى تۆۋەنلىتىدىغان ناچار(ۋە) ئاسان يىرتىلىدىغان بۆز توقۇپتۇ. گائۇتامى خاتۇن يەنە نېمىشقا مۇقەددەس قولى بىلەن بۆز توقۇيدىكەن؟»

(B)

## (ئۈچىنچى بۆلۈم بىرىنچى ۋاراق)

1. ئۇ (سۆزلەرنى) ئاڭلاپ باتمنى قىز مۇنداق دېدى:
2. «يالغۇز بۆزلا توقۇغان بولسا نېمە جاپا بولاتتى »
3. كېيىن ھېلىقى ئۇپاسانچ مۇنداق دېدى:
4. «ئۇندىن باشقا يەنە نېمىلەرنى قىلدى؟» كېيىن
5. باتمنى قىز مۇنداق دېدى: «كېۋەز تېرىدىغان
6. مەزگىلدە گائۇتامى خاتۇن ئۆز قولى بىلەن ئۇرۇق
7. چاچتى. ئۇتاش مەزگىلىدە ئۆز قولى بىلەن (ئوت) ئوتىدى.
8. سۇغۇرۇش مەزگىلىدە سۇ بىلەن سۇغۇرۇپ،
9. پەرۋىش قىلدى. (پاختىنى) ئۆز قولى بىلەن تەردى. ئۆزى
10. نازىلاپ، ئۆز قولى بىلەن تىتىپ،
11. ئۆزى (يىپ) ئىگىرىپ ئۆزى بۆز توقىدى.» كېيىن ھېلىقى
12. ئۇپاسانچ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ ئىلگىرى تەڭرى
13. تەڭرىسى بۇرخان ئاغزىدىن مۇنداق ئىشىتكىنىم بار (ئىدى)،
14. ماھاپراجاپاتى گائۇتامى خاتۇن بۇرۇنقى چاغدا
15. ۋىپاسى (287) تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننى تاتلىق - چۈچۈك
16. ئاش - تائاملار، ئىپارلىق خۇش پۇراقلار بىلەن
17. كۈتۈپ ھۆرمەت بىلدۈرگەنىكەن. بۇ ياخشى قىلمىش
18. ئارقىلىق بارلىق شاكىلار .... كۈچلۈك - قۇدرەت -
19. لىك مەلىكە خاتۇن بولۇپ، تەڭرى تەڭرىسى
20. بۇرخاننىڭ ئىنىگئانىسى بولغانىكەن؛ ئۇنىڭ ئەت - تېرىسى،
21. كۆركى - چىرايى ئۇن ئالتە ياشلىق قىزلارنىڭكىدەك
22. (ياش) تۇرىدىكەن، يەنە سان - ساناقسىز
23. خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ ھۆرمەت كۆرسىتىپ تۇرىدىكەن.
24. «بۇ قانداق گەپ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆز قولى بىلەن كېۋەز
25. تېرىپ تودىتولىي (288) كىشىگە ئوخشاش بۆز توقۇيدۇ؟»
26. ئاندىن كېيىن باتمنى قىز مۇنداق دېدى:
27. ئۇ ئۇلۇغ ساداقەتمەن كۆڭۈل، قاتتىق ئىخلاس بىلەن
28. مۇشۇنداق تۈرلۈك ئىشلارنى ئىشلىدى. بۇ تودىتولىيلىغ (؟)
29. دېگەن قانداق گەپ؟ ئەمدى يەنە ئاڭلاڭ
30. بۆز توقۇشنىڭ سەۋەبى نېمە دېسىڭىز،
31. ئۇنى سىزگە ئېيتىپ بېرەي:

(A)

## ئۈچىنچى بۆلۈم ئىككىنچى ۋاراق

1. تۈگەل بىلگە تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان (بۇرخان)
2. بەختىنى تاپقان چاغدا تۈزۈن مايترى بۇدساۋاتنى
3. ئۆي - ۋاقىدىن چىقىرىپ راھىپ قىلدى.
4. ئاندىن كېيىن تاجىلىرىنى ئېلىشەتكەن مىڭ(نەپەر)
5. يېڭى راھىپ بىلەن ئاتىسى سانتۇدان (289) ئىلىگ
6. بەگنى، ئانىسى ماھاپراجاپاتى گائۇتامى خاتۇننى يەنە
7. ئۇندىن باشقا شاكى ئۇرۇقىدىكى بەگلەر، بەگ ئايالىرى (ۋە) خەلقلەرنى
8. شادلاندۇرۇش - سۆيۈندۈرۈش
9. ئۈچۈن كاپىلاۋاستۇ شەھرىگە كەلدى.
10. شۇ مەزگىلدە شاكى ئۇرۇقىدىكى
11. بەگلەر شۇنداق بىر كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزدى.
12. تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئەرلەرگە نوم
13. نوملىغاندا ئۇ ھەردىكى ئايالار، مەلىكە بەگلىرى
14. ...كېرەك. ئاندىن كېيىن
15. تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئەڭ ئالدىدا بىر قۇرلا
16. نوم نوملىغاندا سەككىز تۈمەن شاكى
17. بەختكە ئېرىشتى. ئىككىنچى قېتىملىق نوم نوملىغاندا
18. ئالتە تۈمەن شاكى بەختكە
19. ئېرىشتى ئۈچىنچى قېتىم نوم نوملىغاندا
20. تۆت تۈمەن شاكى بەختكە
21. ئېرىشتى. ھەممىسى بولۇپ ئون سەككىز تۈمەن
22. شاكى (ئەر) نىرۋانى زۇلۇمىدىن
23. قۇتۇلدى. شۇنداق قىلىپ يالغۇز شاكى ئۇرۇقىدىكى
24. مەلىكىلەرلا بەختكە ئېرىشەلمىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ شاكى ئۇرۇقىدىكى
25. مەلىكىلەر ناھايىتى غەم - قايغۇلۇق بولۇپ، كۆڭۈللىرى
26. بۇزۇلۇپ بىر - بىرىسىگە يىغلىشىپ،
27. ھال ئېيتىشىپ مۇنداق دېيىشتى: «نېمە سەۋەبتىن،
28. نېمە ئۈچۈن، تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئەرلەرگە
29. نوم نوملاپ بېرىدۇ يۇ، بىز ئايالارغا نىمىشقا
30. نوملاپ بەرمەيدۇ؟» ئۇلار مۇنچىۋالا سۆزلىشىپ،
31. ھەممىسى يىغلىشىپ ماھاپراجاپاتى گائۇتامى خاتۇن-

(B)

## (ئۈچىنچى بۆلۈم ئىككىنچى ۋاراق)

ىغا مۇنداق دەپ ئۆتۈندى: «ئۇدۇۋەبار چېچەككە ئوخشاش دانىشمەن تالانتلىق بۇرخانلار ۋشكۆل جاپالار بىلەن دۇنيادا مەيدانغا چىقىدۇ. بىر ئەنە شۇنداق تەستە تاپقىلى بولىدىغان بەختلىك جانلىق بىلەن ئۇچراشقانمىز. ئەمدى يەنە بىزگە زادى نوملۇق يارلىق بەرمىدى. كۆرۈپ قانغىلى بولمايدىغان جامالىنى يەنە كۆرۈشكە ئېرىشەلمىدۇق. ئەمدى سىز شۇنداق غەيرەت قىلىڭكى، بىز يەنە سىزنىڭ شارائىتىڭىز بىلەن دىم ئاڭلاشقا تەڭرى تەگرىسى بۇرخاننى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولايلى.» ئاندىن كېيىن شاكى نەسىللىك گائۇتامى خاتۇن ئۇ ئاياللارنىڭ ئۆتۈنگەن سۆزلىرىنى شاكىلار بېگى سانتۇدان ئىلىگ خانغا يەتكۈزدى. ئىلىگ خان كەڭچىلىك يارلىقى چۈشۈردى: «بۈگۈندىن باشلاپ مەلىكىلەر دىم ئاڭلىسۇن.» بۇ كەڭچىلىك يارلىقنى ئاڭلاپ مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن ئاياللار يىغلىپ-تۈپلىنىپ كاپىلاۋاستۇ شەھىرىدىن چىقىپ نىگۇدارام ساڭرامغا كېتىۋاتاتتى. شۇ ئارىدا بەختكە ئېرىشكەن شاكى ئەرلىرى مەلىكىلەرنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە (ئۇلارغا) ھېچنېمە دېمەستىن خاتىرجەم ھالدا كېتىۋەردى. بەختكە ئېرىشەلمىگەن جىدەلخور شاكى ئوغۇللىرى مەلىكىلەرنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە (ئۇلارغا) مۇنداق دېيىشتى: مەلىكىلەر، سىلەر قەيەرگە كېتىۋاتىسىلەر؟ سىلەرگە نىگۇدارام ساڭرامغا بېرىپ نوم ئاڭلاشقا يارلىق يوق. نېمىشقا دېسەڭلەر، بىزنىڭ قېرىنداشىمىز سىدارتى سىزلەرنىڭ يۈز تۈرلۈك ئەيىبىڭىزلەرنى سۆزلەۋاتىدۇ.» ئاندىن ئۇ مەلىكىلەر مۇنداق دەپ سورىشتى: «زادى قانداق ئەيىبىمىز بار ئىكەن؟» ئاندىن كېيىن شاكى (ئوغۇللىرى) مۇنداق دېيىشتى: «بىزگە سۇدۇرنوم نوم-

(A)

## ئۈچىنچى بۆلۈم ئۈچىنچى ۋاراق

-لاۋاتقاندا مۇنداق نوملۇق سۆز چىقتى. بەش تۆرلۈك ئەيىب ئىكەن، قارا زەھەرلىك يىلاننىڭ بەش تۆرلۈك ئەيىبى قايسى دېسە بىرىنچى: يىرگىنىشلىك، سېسىق بولىدۇ. ئىككىنچى: كۆرسە قورقۇنۇچلۇق بولىدۇ. ئۈچىنچى: ئۈيقۇچان(بولىدۇ) تۆتىنچى: ئىككى تىللىق بولىدۇ. بەشىنچى: زەھىرى ئۆتكۈر (بولىدۇ). شۇنىڭدەك يەنە بىرەر (ھەربىر) مەلىكىنىڭمۇ بەش تۆرلۈك ئەيىبى بولىدۇ. بىرىنچى : خاپىغان ، قىتىغۇر بولىدۇ. ئىككىنچى: كۈنچى (بولىدۇ). ئۈچىنچى: ۋاپاسىز (بولىدۇ)،تۆتىنچى: سۆيۈنچىسىز، شەپقەتسىز بولىدۇ. بەشىنچى: ياخشى كۆرۈنۈش نىيىتى كۈچلۈك بولىدۇ. ياخشى (ۋە)نەپسىنى يىغىۋالغان كىشى قىزارتىلغان قىزىق قوزۇقنى ئۆز كۆزىگە سانچىيدۇكى، ھەرگىز شەھۋانى كۆڭۈل بىلەن ئاياللارغا تىكىلىپ قارىمايدۇ. مەلىكىلەر بولسا ساپ . پەرھىز ساقلاش نىزام-... بولىدۇ. قايسى نومدا خوتۇن - قىزلار...ئۆي - ۋاقىدىن (ئايرىلىپ) چىقىپ دىنتار نىزامىنى تۇتسا، ئۇ نوم يۇقىلىشقا يۈز تۇتۇپ، ساپ - تازا تۇرالمايدۇ، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۆپ تۆرلۈك ئەيىبىڭىزلەر (بار) ئىكەن. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بارلىق ئاياللار مۇنداق دېيىشتى. «توققۇز ئاي ئون كۈن سىقىلغۇچى قوساقتا (بالا) كۆتۈرگۈچى ئاياللار ئىدى. تولغاق يەپ تۇغقۇچى ئاياللار ئىدى. مۇشكۈل جاپالار بىلەن باققۇچى-تەربىيىلىگۈچىمۇ ئاياللار ئىدى. ئەمدى ئاياللارنى ئاشۇنداق يامان كۆرۈپ سەسكىنەمدۇ؟» شۇندىن كېيىن ئاياللاردىن بىرى مۇنداق دېدى : «( مۇشۇنداق ) ۋەج -سەۋەبنى كۆرۈپ بۇرخانلار بىرەر جانلىقلارنى چەتكە قاقىدۇ. يەنە ۋاقتى - پەيتى كەلگەندە ئۇ جانلىقلارنى دانىشمەنلەر ئىزدىدىن

(B)

(ئۈچىنچى بۆلۈم ئۈچىنچى ۋاراق)

1. (ماڭغۇزىدۇ). شۇڭا (بىر) ئەندى بىر... سوغۇق، جىدەلخور
2. شاكى ئوغۇللىرىنىڭ سۆزى بىلەن نوم ئاڭلىماستىن
3. قايتىدىن بۇزۇلمايلى (بىئارام بولمايلى)، نېمە ئۈچۈن دېگەندە
4. بىر ئاجايىپ ھەيران قالارلىق تەستە ئۇچرىشىلى بولىدىغان ئالتە تۈرلۈك
5. نەرسىلەر (290) بىلەن ئۇچراشقانمىز. سەككىز تۈرلۈك
6. ئاسان قۇتۇلغىلى بولمايدىغان(291) يەر-ئورۇنلاردىن چىققان-
7. قۇتۇلغانىمىز (قۇتۇلۇپ چىققانىمىز) تۆگەل دانا تەڭرى تەڭرىسى
8. بۇرخان بىلەن ئۇچراشقانىمىز. شۇنداق
9. ۋاقتى-پەيتى بولغاي (كەلگەي)، (تەڭرى بۇرخان) بىرگە-
10. مۇ نىسوم نوملىغاي. شۇڭا
11. چوقۇم بارايلى. نوم ئاڭلايلى» ئاندىن كېيىن
12. ماھاپراجاپاتى گائۇتامى خاتۇن باشچىلىقىدا سەككىز تۈمەن
13. شاكى ئاياللىرى تۆگەل دانا تەڭرى تەڭرىسى
14. بۇرخان تەرەپكە باردى. ئاندىن كېيىن، تۆگەل
15. دانا تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئۇ ئاياللار-
16. نىڭ كۆڭلىدىكى ئويلىرىنى ئۇقۇپ، شۇنىڭ بىلەن
17. راھىپلارنى چاقىرىپ مۇنداق يارلىق قىلدى:
18. «بۇ راھىبەلەرنىڭ بەش تۈرلۈك ياخشى (تەرىپى) بار.
19. بىرىنچى: ئۆي-ۋاقىنى، ئوردا-سارايىنى قۇرۇق
20. قويمايدۇ. ئىككىنچى: تاپقان نەرسىلەرنى يىغىپ-
21. تېرىپ تۇرۇپ تۇتىدۇ. ئۈچىنچى: ئاغرىق-سىلاق بولغاندا
22. ئۆي-ۋاقى(بىلەن) تائەت-ئىبادەت قىلىدۇ. تۆتىنچى:
23. ئەرلەر بىلەن ھۇزۇرلىنىدۇ، شادلىنىدۇ.
24. بەشىنچى: بۇرخانلار، پارىدىكار بۇتلار،
25. ئارخانتلار (ۋە) بارلىق بەختلىك جانلىقلار ھەممىسى مەلىسكىلەر=
26. دىن تۇغۇلىدۇ، دۇنياغا كېلىدۇ.» بۇ يارلىقنى ئاڭلاپ ئىنتايىن
27. شادلىنىپ، سۆيۈنۈپ، ئۇ ئاياللار مۇنداق
28. دېيىشتى: «قۇرۇپ كەتسۇن، ھېلىقى جىدەلخور شاكى (ئوغۇللىرى)
29. دېگەن ئۇ سۆزلەر. ئۇلار بىزگە: سىزلەرنى سىدارتى چۈشىنىپ بولماس
30. دەرىجىدە چەتكە قاقتى-دېگەنىدى. ئەمدى
31. يەنە تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان يەر-جاھاندا

(A)

## ئۈچىنچى بۆلۈم تۆتىنچى ۋاراق

1. قانداق ياخشى مەدھىيە بولسا، شۇنىڭ بىلەن
2. ھەممىمىزنى ھەدھىيىلىدى. ئەمدى ئەيمەنمەس، قورق-
3. ماس كۆڭۈل بىلەن نوم ئاڭلايلى». ئاندىن كېيىن
4. تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان شاكى ئايالىلىرىغا شۇنداق
5. تەسىرلىك، چوڭقۇر نوم نوملىدى.
6. بۇ نومنى ئاڭلاپ، سەككىز تۈمەن مەلىكە
7. بەختكە ئېرىشتى. ئىككىنچى قېتىملىق نوم نومل-
8. غاندا ئالتە تۈمەن مەلىكە
9. بەخت تاپتى. ئۈچىنچى قېتىم-
10. لىق نوم نىملىغاندا تۆت تۈمەن
11. ئايال بەختكە ئېرىشتى. ئاندىن كېيىن باتىنى قىز
12. بايىقى موكتىكا (292) (دېگەن) ئۇ پاسانچقا مۇنداق دېدى:
13. «قاراڭ تۈزۈنۈم ئۇ چاغدا ئەنە شۇنداق
14. زور پايدا ـ مەنپەئەتكە ئېرىشتى. شاكى
15. ئايالىلىرى ئۈچ قۇر (قېتىم) لا نوم ئاڭلاپ،
16. ئون سەككىز تۈمەن شاكى ئايالى بەختكە ئېرىشتى.
17. ئاندىن كېيىن ھېلىقى ئۇپاسانچ ئايال مۇنداق
18. دېدى: «ئاندىن كېيىن گائۇتادى خاتۇن نېمە قىلدى؟»
19. ئاندىن كېيىن باتىنى قىز مۇنداق دېدى:
20. ئاندىن كېيىن گائۇتادى خاتۇن مۇنداق
21. ئويلىدى: «مەن تۈگەل دانا تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان-
22. دىن ئىنتايىن زور ياردەم (ۋە) پايدا ـ مەنپەئەتكە
23. ئېرىشتىم. شۇنچە نۇرغۇن شاكى ئايالىلىرى
24. بىلەن بىرلىكتە سورتاپان بەختكە ئېرىشتىم. ئەمدى
25. مەن يەنە قانداقلا بولمىسۇن مال ـ دۇنيا بىلەن خۇشاللىقىقا
26. جاۋاب قايتۇرۇش يوسۇنى بويىچە (بۇرخانغا) تاۋاپ قىلاي.»
27. ئاندىن كېيىن ھېلىقى ئۇپاسانچ ئايال مۇنداق دېدى:
28. «شۇنداق ياخشى ئوي ئويلىغاندىن كېيىن نېمە
29. قىلدى؟» باتىنى قىز مۇنداق دېدى: «ئاندىن
30. كېيىن تېرىقچىلار باشلىقىنى چاقىرىپ مۇنداق دەپ
31. يارلىق قىلدى: «قايسى (يەردە) كېۋەز تېرىشقا مۇۋاپىق سەككىز تۈرلۈك

(B)

(ئۈچىنچى بۆلەم تۆتىنچى ۋاراق)

1. پەرققە (خۇسۇسىيەتكە) ئىگە يەر بولسا، ئۇنى سىزلەر سۇغۇرۇپ،
2. سىپانلاپ تەييار قىلىڭلار، مەن تەڭرى
3. تەڭرىسى بۇرخان ئۈچۈن كېۋەز تېرىيمەن.»
4. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھېلىقى ئۇپاسانچ ئايال
5. خۇش چىراي بىلەن باتىنى قىزغا مۇنداق
6. دېدى: «سەن ھازىر گائۇتامى خاتۇن
7. ئۆز قولى بىلەن يىپ ئىگىرىپ بۆز توقۇدى دېدىڭ،
8. پاختا بىلەن بۆزنى ئۆزى
9. توقىدىمۇ؟» ئاندىن كېيىن باتىنى قىز
10. مۇنداق دېدى: «ئۆزى تېرىغان
11. پاختا بىلەن يىپ ئىگىرىپ بۆز توقىدى. نېمە
12. ئۈچۈن دېسە، ھەرگىز يوقسۇل - نامرات (بولغانلىقى)
13. ئۈچۈن خىزمەتچى دېدەكلىرى كامچىل (بولغانلىقى)
14. ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى
15. ئاغمايدىغان سۆزلۈك كۆڭۈل بىلەن تەڭرى تەڭرىسى
16. بۇرخانغا - ياخشى كۆرىدىغان ئوغلۇمغا تېرىن
17. تىكىپ كەيدۇرەي دەپ توقىدى.
18. ئۇ بۆزنى توقۇپ پۈتتۈرگەن چاغدا بەلگە
19. بىلىدىغان دانىشمەنلەر مۇنداق دېيىشتى: «كىم بۇ
20. تونىنى ئېلىپ تەڭرى تەڭرىسى بۇرخانغا كەيدۈرۈش
21. ئۈچۈن سەدىقە قىلسا، ئۇ جانلىق دۇنيادا جەزمەن
22. ئالتۇن رەڭلىك تەن - چىرايغا ئىگە بولىدۇ، بۇر-
23. خان ئاللىرىغا شاھزادە دانىشمەن (ۋەلىئەھد) بولالايدىغان
24. ئابىسك دېگەن نامغا ئىگە بولىدۇ.» يەنە مۇنداق
25. دېيىشتى: «تۆزۈن مايترىدىن باشقا
26. بۇرخان ئاللىرىغا (ئوغۇل بولۇپ)، ئوغۇل ئىلىگ ئورنىغا
27. ئولتۇرالايدىغان جانلىق يوق. ئۇ بۆز تۆ-
28. زۈن مايترى قولىغا تېگىش بىلەن تەڭرى تەڭرىسى
29. بۇرخانغا سەدىقە قىلىپ بېرىدۇ (ۋە) شۇ چاغدا
30. ئالتۇن رەڭلىك ئۆڭ - چىرايغا ئىگە بولىدىغان
31. بەخت - ئامەت قازىنىپ، بۇرخان ئاللىرىغا

(A)

## ئۈچىنچى بۆلۈم بەشىنچى ۋاراق

1. ئوغۇل تۇغۇلغان بولىدىغان ئورۇنغا يېتىشىدۇ.
2. شۇ سەۋەبتىن گائۇتامى خاتۇن
3. تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ كاپىلاۋاستۇ شەھىرى
4. گە (قاچان) كېلىدىغانلىقىنى سوراشقا ئادەم ئەۋەتىدۇ.» ئاندىن
5. كېيىن چىتىكا (293) ئاتلىق دېدەك يىراقتىن قاتتىق
6. ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ مۇنداق دېدى: «ماھانامى
7. ئۇراكۇ تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ كېلىدىغانلىقىنى
8. ماڭا ئېيتتى. بۈگۈن كېلى-
9. دىكەن.» ئۇنى ئاڭلاپ باتىنى
10. قىز مۇنداق دەپ سورىدى: «قايسى ۋاقىتتا
11. نېمە ئىشقا بارغانىدىڭ؟» دېدەك
12. چىتىكا مۇنداق دېدى: «ياسودارا خاتۇن
13. نىڭ بۆزى پۈتكەندىن كېيىن
14. تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان بىلەن راھولىنىڭ (294) (قاچان)
15. كېلىدىغانلىقىنى سوراشقا ئەۋەتكەنىدى.» ئاندىن كېيىن ھېلىقى
16. ئۇپاسانچ ئايال مۇنداق: دەپ سورىدى «نېمىشقا
17. شۇنچە كۆپ بۆز (توقۇلدى)؟» ئاندىن باتىنى قىز
18. مۇنداق دېدى: گائۇتامى خاتۇن تەڭرى
19. تەڭرىسى بۇرخان ئۈچۈن بۆز تەييارلىغان بولسا،
20. شۇنداق قىلىپ بەش يۈز شاكى (ئايالىرىمۇ) ئىنەل راھىپە
21. لار ئۈچۈن بۆز تەييارلىدى.» ئاندىن كېيىن ھېلىقى
22. ئۇپاسانچ ئايال يەنە مۇنداق سورىدى: «ئەمدى
23. بۇ شاكى بەگلىرى زور ھەيۋەت بىلەن كاپىلا-
24. ۋاستۇ شەھىرىدىن چىقىپ قەيەرگە كېتىۋاتىدۇ؟» ئاندىن كېيىن
25. دېدەك چىتىكا مۇنداق دېدى: «تەڭرى تەڭرىسى
26. بۇرخان ئالدىغا كېتىۋاتىدۇ» شۇندىن كېيىن باتىنى
27. قىز مۇنداق دېدى: «ئەمدى مەن ماڭاي،
28. بۇ ئەھۋاللارنى گائۇتامى خاتۇنغا يەتكۈزەي.»
29. ئاندىن كېيىن دېدەك چىتىكا مۇنداق دېدى:
30. مەنمۇ بېرىپ ياسودارا خاتۇنغا
31. تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان

(B)

## ئۈچىنچى بۆلۈم بەشىنچى ۋاراق

1. ئانانىت بىلەن بىللە كېتىۋېتىپتۇ دەپ .ئېيتاي:» ئاندىن كېيىن
2. ھېلىقى ئۇپاسانچ ئايال مۇنداق دېدى: «ئۇنداق
3. بولسا مەنمۇ تەگرى تەگرىسى بۇرخان (ئالدىغا) ئۇدۇل
4. باراي.» مۇشۇنچە سۆزلەرنى قىلىشىپ ئۇ ئۈچى
5. ئايرىم - ئايرىم چىقىپ كەتتى. ئاندىن كېيىن
6. بەش يۈز شاكى ئەسەبلىك خاتۇنلارنى
7. ئەتراپىغا ئېلىپ، ھېلىقى ئالتۇن رەڭلىك بۆزنى قولىدا
8. تۇتقان ھالدا ماھاپراجاپاتى گائۇتامى خاتۇن
9. ياسودارا‌غا مۇنداق دېدى:
10. «شۇنداق ۋاقىت - سائەت قاچانمۇ كېلەر؟
11. مەن بۇ تون ئەردىنىمنى (گۆھىرىمنى) بۇرخان
12. چاكرىرت ئېلىگ خاننىڭ كىيگەنلىكىنى كۆرسەم
13. ئىدىم.» ئاندىن كېيىن ياسودارا مۇنداق دېدى: «مانا
14. ئەمدى بۇرخان چاكرىرت ئېلىگ خان نىگۇدارام
15. ساڭراملىق ساراي ئىچىدە ئون (خىل) كۆچىنى
16. كۆچەيتىپ خاتىرجەم (ۋە) خۇشال ھالدا يارلىق قىلىدۇ. ئاجايىپ
17. (ئىشلارنىڭ بولۇشى يىراق گەپ) ئەمەس. ئاندىن كېيىن (گائۇتامى) خاتۇن
18. نىگۇدارام ساڭرامنى كۆرۈپ مۇنداق
19. دېدى: «بۇ دەل نىگرۇد (دېگەن) سۆگەتلىك ئورمانلىق ئىدى.
20. بىزنىڭ بېگىمىز سىدارتى خورمۇزتا تەگرى
21. گە ئوخشاش ئالتە تۈمەن مەلىكە - خوتۇننى
22. مۇھەببەت بىلىمى بىلەن شادلاندۇرۇپ - سۆيۈندۇرۇپ، تەگرى
23. لەززىتىدىن ھۇزۇرلىناتتى. ئەمدى يەنە بۇ دەل
24. شۇ ئورمانلىق ئىكەن. نىزۋانلىق كىيىكلەرنى قورقىتىدىغان
25. كىسار ئارسلانغا ئوخشاش تۆگەل دانا تەگرى
26. تەگرىسى بۇرخان مۇھەببەت. نىزۋانىسىنى .داۋالىغۇچى
### (تۆتىنچى بۆلۈم ئون تۆتىنچى ۋاراق)

1. لىك قوللىرى ـ ئىلىكلىرى بىلەن كېتۈماتى شەھىرىـ
2. دە كۆلۈپ ـ ئوينىاپ، ساقى چاكرىرت ئىلىگ
3. خانغا يېقىن كەلگەي. تەڭرى بۇرخان
4. مۇنداق دېدى: «ئۇ چاغدىكى جانلىق ـ
5. لار تاماسىز ـ نەپسانىيەتسىز، ئىككى (خىل) گۇمانسىز بولغاي.
6. مايترى بۇرخان نومىدا سەككىز تۈزۈن (توغرا)
7. يولنى تاپقاي، نىرۋانلىق شادلىققا
8. ئېرىشكەي.» ئاندىن كېيىن شىمنۇ مۇنداق
9. دېدى: «كەلگۈسىدىكى
10. جانلىقلار ئالتۇن ـ كۈمۈشلۈك بولغاي.
11. يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن ھوزۇرلانغاي.
21. ...... ئويۇن بىلەن كېتۈماتى
13. ...... ساقى (راھىپ) چاكرىرت ئىلىگ خان
14. ... خۇشال بولغاي». تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان
15. مۇشۇنداق دېدى: «كەلگۈسىدىكى
16. ... جانلىقلارمۇ مېنىڭسىز بولغاي.
17. ئالتۇن ـ كۈمۈشكە تېخىمۇ ئاز
18. (بېرىلگەي). سەككىز (تۈرلۈك) تۈزۈن يولغا بارغاي.
19. نىرۋان شەھىرىگە يەتكەي.» شىمنۇ تەڭرى
20. مۇنداق دېدى: «جەزمەن ئۇ پەيتتىكى
21. خۇش پۇراق ئىپار، چىندان، بەدىنىگە
22. ... كاش ئاتلىق بۆز گۆھىرىنى تون
23. .......... كېتۈماتى شەھىرىدە شادلىق
24. ... ...» تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان مۇنداق
25. دېدى: ئۇ ياخشى ۋاقىتتىكى تۈزۈن
26. ... ... ئوخشاش
27. ... ... خۇشال بولغاي،
28. ........................
29. ........................
30. ........................

(A)

## تۆتىنچى بۆلۈم ئون بەشىنچى ۋاراق

1. قىلمىشلىق شىمنۇ، ئاشۇنداق سۆزنى ئىشتىپ، تۇرغۇن
2. جامائەت قايتىدىن شاد ـ خورام
3. بولۇپ، قاتتىق ئۈن بىلەن كۈلۈش ـ
4. ـتى. ئاندىن كېيىن شىمنۇ تەكرى غەم ـ قايغۇ ـ
5. لۇق بولۇپ، ئۇ يەردىن دەرھال غايىپ بولدى. ئاندىن
6. كېيىن، ئۇ نۇرغۇنلىغان جامائەت بىر نىيەتلىك
7. سۆزۈك كۆڭۈل بىلەن قايتىدىن ئوغۇل
8. ئىلىگ نامىغا ئېرىشكەن تۆزۈن
9. مايترىغا سەجدە قىلىپ يۈكۈنۈپ،
10. (مايترى بىلەن) بىللە كېلىدىغان بەختنى
11. تىلەپ مۇنداق دېيىشتى: سىزنىڭ تەكرىم ... —
12. ـمىزدۇر. قۇتۇلىدىغان ... ... —
13. غۇلۇق، يىققۇلۇق. بىزنىڭ ... ...
14. ... ئېرىشەر. بىز بىلەن بىللە ...
15. ياخشى قىلمىشىمىزنى ... ...
16. سىز بىلەن ئۇچرىشايلى. بىزنى ... ...
17. تۇتۇپ، بارلىق ئازاب ـ ئۇقۇبەتلىرىمىزدىن قۇتقۇزۇڭ.
18. ئاندىن كېيىن چىتراتنى باي ئەر ھۆرمەتكە سازاۋەر
19. مايترى بۇدساۋاتىنىڭ ئۇ ... ...
20. تۆرلۈك شانۇ شەۋكىتىنى كۆرۈپ
21. ئۆزىنىڭ تۆزۈن مايترىغا ... —
22. ... ئۇيلىغىنىنى مۇلاھىزە قىلىپ ...
23. ئوت بىلەن ئۆرتەنگەندەك يىغلاپ ھۆرمەتـ
24. كە سازاۋەر مايترىغا ياخشى سۆز بىلەن مۇنداق
25. دەپ ئۆتۈندى: نادان (پاراسەتسىز) ...
26. ئۆرتەنگەن. ... كۆر ـ ...
27. ئازغان ـ قايمۇققان ... ...
28. ئوخشاش ... ... ...
29. ...............
30. ...............

(B)

## (تۆتىنچى بۆلۈم ئون بەشىنچى ۋاراق)

1 شۇندانى قىلىپ، تاقەت قىلمىغان ...
2. مېھرىۋانلىق پاراسىتىنى ... ... بېرىك.
3. ئاندىن كېيىن ھۆرمەتكە سازاۋەر مايترى بۇددىساۋات
4. مۇنداق دېدى: «تۆۋە قىلىك، بوگۈندىن
5. تارتىپ، مۇشۇنداق كاج، تەتۈر كۆرۈە-
6. گە (خەيرسىز ئىشلارغا) يېقىنلاشماڭ. ھەرگىز دوزاخلىق
7. بولماڭ.» ئاندىن كېيىن تەڭرى تەڭرىسى
8. بۇرخان چىتراراتى باي ئەر توغرىسىدا
9. تويىنلارنى چاقىرىپ مۇنداق
10. دېدى: ياخشىلىق ماھىيەت-يىلتىز بىرەر
11. ... ... تۈزۈن بۇرسۇك
12. ... ... ئۆلچەمەكچى سېلىشتۇرماقچى بول-
13. سا، ... چىتراراتى باي ئەر تۈزۈن مايترىنى
14. (بۇرخان بىلەن) ئۆلچەشنى-سېلىشتۇرۇشنى ئويلىدى. ئاندىن ھۆرمەت-
15. كە سازاۋەر سارىپۇترى ئارخانت ھەققىدە
16. ... ئالقانلىرىنى جۈپلەپ، گەۋدىسىنى پۈكۈپ
17. تەڭرى تەڭرىسى بۇرخانغا مۇنداق دەپ ئۆتۈندى:
18. ھۆرمەتكە سازاۋەر تەڭرىم تۈزۈن مايترى
19. ... ديانى سامارى نېمە ئاتلىق ئىدى. كىم
20. ... -نىڭ كۈچى بىلەن تويدى. كاۋلاس
21. تاغ ... گانگ دەرياسىنىڭ سۈيىگە ئوخ-
22. شاش ... ... يەنە كۆڭلى
23. ... ... غىلى ... ئەمدى
24. ... ... -نىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن
25. ... ... نۇرغۇن جامائەتكە ئېيتىپ
26. ... ... تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان
27. ... ... ... سارىپۇترى
28. ئارخانت ... ... ...
29. ........................
30. ........................

(A)

## تۆتىنچى بۆلۈم ئون ئالتىنچى ۋاراق

1. ئۇ دىيانىڭ ھەممە تەرىپىنى ئوۋ-
2. مايدۇ. يەنە نېمە دېيىش كېرەك. ئارخانتلار
3. ئوقسا، بۇدىساۋاتلار ھەردائىم
4. ئۇ دىيانى ئىشلىتىدۇ، كۆككە كۆتۈرىدۇ.
5. ئۇنىڭ كۈچى بىلەن جاننى ئالىدىغان (ئىزۋانىلىق) دۇشمەن-
6. لەرنى (كېسەللەرنى) ھاياتىي (كۈچ بىلەن) ياخشى ئەملەيدۇ.
7. ئاندىن كېيىن سارىپۇترى ئارخانت
8. ئىنتايىن ھەسرەتلىك-قايغۇلۇق ھالدا
9. مۇنداق دەپ ئۆتۈندى: ئەگەر
10. مەن ئۇستۇنكى (ئالىي) بۇرخان بەختى-
11. نىڭ مۇشۇنداق تۈرلۈك ... ...
12. ئوقغان بولسام، ئاندىن ...
13. دوزاخ يېرىدە تۇرۇپ، يۈز كالپ ۋاقىت
14. ئازاب چەككەن بولسا، قاچان
15. بۇرخان بەختىدىن ئايلانمىقى بولغان بولسا،
16. بارلىق بۇرخان بەختىنى تىلەيدىغان ...
17. قۇتلۇق جانلىقلارغا تەزىم قىلىپ (يۈكۈندى).
18. ئاندىن كېيىن تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان مۇنداق
19. دېدى: ياخشى سۆزلىدىڭ ... ...
20. نېمە ئۈچۈن دېسە، بۇ يەر ... ...
21. بەختىدىنمۇ ياخشىراق باشقا مال-دۇنيا
22. تېپىلماس. ئاندىن كېيىن تويىن ...
23. بۇرخانغا (مۇنداق) دەپ ئۆتۈندى: ھۆرمەت-
24. كە سازاۋەر تەڭرىم ... ...
25. مايترىلىق يېگى كۈن ... ...
26. مەدھىيىلەپ ئالاي ... ...
27. ئارتۇقتىن-ئارتۇق ... ...
28. يېگى ... ... ...
29. ... ...
30. ... ...

(B)

## (تۆتنچی بۆلۇم ئون ئالتنچی ۋاراق)

1. ياخشى ۋاقتتا تۇغۇرلارەۇ؟ ئاندىن كېيىن
2. تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان مۇنداق دېدى:
3. ياخشى-ياخشى تويىنلار، سىزلەرنىڭ
4. بۇ گۇماننى سورىشلار نۇرغۇنلىغان
5. جانلىقلارغا ياخشىلىق بولغاي، شۇڭا ئەمدى سۆزۈك كۆڭۈل بىلە
6. تىڭشاڭلار، سىزلەرگە مايترى بۇرخان بىلەن
7. ئۇچرىشىدىغان ياخشى ئامال-
8. چارىنى دەپ بېرەي، ئۇنى ئىشى-
9. تىپ، بارلىق جانلىقلار ناهايىتى خۇ-
10. شال كۆڭلى بىلەن تەڭرى تەڭرىسى بۇرخانغا
11. ... ... مۇنداق دېدى: سۆزلەپ ...
12. ... ... تەڭرىم، نوملاپ ...
13. ... مېھرىۋان پاراسەتلىك تەڭرىم ئۇ
14. ... قىلمىشلارنى قىلىپ، مايترى بۇرخان
15. بىلەن ئۇچرىشايلى، كۆرىشەيلى، ئاندىن كېيىن تەڭرى
16. تەڭرىسى بۇرخان مۇنداق دېدى: كىم
17. ... ... چاغدا سۆزۈك كۆڭۈل بىلەن
18. ... قىلمىشنى پاك هالدا كۆزەتسە (ساقلىسا)، جەز-
19. مەن ... -لىق ياخشى ۋاقىت بىلەن ئۇچرىد-
20. -شىدۇ، نېمە ئۈچۈن دېسە، ھەممە شادلىق...
21. ... -غا ئېرىشىدىغان ئون خىل ياخشى قىلمىش
22. ... ... ئۈچۈن قايسى ئىنسان
23. ... ... ئون خىل ياخشى قىلمىشلىق
24. ... كۆزەتسە، ئۇ جانلىق مايترى بۇرخان
25. ... ... -دۇ ئاتا-ئانىنى
26. ... ... ... يېمەك-ئىچمەك بىلەن
27. ... ... تېۋىنسا،
28. ... ...
29. ... ...
30. ... ...

(A)

## تۆتىنچى بۆلۈم ئون بەككىزىنچى ۋاراق

1 سىزنىڭ ھۆسنىڭىز بىلەن تەڭلەشتۈرسە مۇنداق

2. بولغاي. (خۇددى) تاغلار خانى سۇمېر تاغقا

3. ... ... ھۆسۈن قوشقانغا ئوخشاش

4. تېخى يەنە چوڭقۇر ئويلاڭكى، بىر ئىككىمىز

5. ئاسانگى كالپ سانچىلىك ئۇزۇن ۋاقىتقىچە

6. بۇرخان بەختى ئۈچۈن جاپا چەكتۇق. ھەر-

7. بىر چادىك (326) قىلغان چاغدا بارلىق

8. جانلىقلارغا (ئۇلارنىڭ) قۇتۇلۇشى ئۈچۈن

9. قاتتىق بەخت تىلىدۇق. ئەمدى

10. مېنىڭ بۇرخان بەختىگە (ئېرىشىش) ئارزۇيۇم قاندى.

11. ئاسانگى سانچىلىك جانلىقلارنى سانسىردىن

12. ئوزدۇردۇم-قۇتقۇزدۇم. ئۈچ جىلد (ئون)

13. ئىككى بۆلۈك نوملۇق چاق تەۋرىدى.

14. تەڭرى ئىنسانلىرىنى جەم قىلىپ ماھاساەخاتا

15. سودۇر (327) نى نەملىدىم. ئازاغ نەملۇق (328) تىرتىلار

16. (بىلەن) ئۆچەكىشىپ، ئېسىل پەزىلەت كۈچى بىلەن ...

17. ساترىس (329) تەڭرى يېرىدە يايقى بەكچان (330)

18. ئولتۇرۇپ، سانسىز تۈمەن تەڭرىلەرنى ...

19. ئۇ يەردىن چۈشۈپ تىۋائىتران (331) ئاتلىق ...

20. كۆن كۆرسەتتىم. ئاتا-ئانىغا ... ...

21. يەتكۈزگىلى، بۇرچۇمنى ئادا قىلغىلى ...

22. ئاتا-ئانامنى سەممىي-ساداقەت ...

23. يەتكۈزدۈم. ئانوپاداتا (332) ئاتلىق يولغا ...

24. كارمابالۇتى ئاتلىق ئۇلۇغ قائىدە-يوسۇن ...

25. ... يول ياقىسىدا تۆت ... ...

26. -لەرگە تۆت ھەقىقىي نوم ... ...

27. جانلىقنى ئاغمايدىغان ... ...

28. ئۆرلەتتىم. نېمە ... ...

29. ........................

30. ........................

(B)

(تۆتىنچى بۆلۈم ئون سەككىزىنچى ۋاراق)

1. تۆگەل قىلدىم. ئەمدى سېنى ئوغۇل ئىلىگە نامىغا
2. تۇرغۇزۇپ، يەنە دەرھال نىرۋانغا بېرىشىم كېرەك.
3. (سەن) كەلگۈسىدە سەككىز تۈمەن ياشان-
4. غان جانلىقلار ھاياتىدا مايترى
5. ئاتلىق ئاشۇنداق كەلگەن، مۇشۇنچىلا تۇرغۇن
6. نوملارنى بىلىدىغان تۆگەل دانا تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان بولغايسەن.
7. كېيىنكى ۋاقىتتا يوقىلىدىغان يەر-
8. جاھاندىكى نىرۋانلىق يولنى ئاڭلاپ
9. دەپ بەرگەيسەن. ھازىر مەن
10. ئېيتقاندەك ئۇچاغدا سېنىڭ
11. ... تۆزۈن شاگىرتلىرىڭ بولغاي.
12. ... ئەمدى مېنىڭ شاگىرتلىرىم شاكى نەسەبلىك
13. ... ... جەزمەن سەن مىڭلىغان-تۈمەن-
14. -لىگەن ... جامائەتنى رەتلەپ، يېتەكلەپ
15. ... ... يولچى-يەرچى (يېتەكچى) بولغايسەن. ھازىر مەن ئەمدى
16. ئۈلەشتۈرسەم تېخى سەن
17. ... ... كى، راتناسىكى (333) بۇرخاندىن كاسىپ
18. بۇرخانغىچە نۇرغۇنلىغان تەڭرى
19. ... ... ئانداق بەك قاتتىق قۇت-
20. ... ... ئىدى. مەن بۇيەر-جاھاندىكى ئۈمىدسىز-
21. ئىشەنچسىز جاپاكەش جانلىقلارنىڭ ئۈمىدى
22. ئىشەنچى ... بىلەن ئۆتكەن بۇرخانلاردىن
23. ... ... ئوزمىغان جانلىقلارنى ئوزدۇرغۇچى
24. ... ... جاپادىن قۇتۇلمىغان جانلىق-
25. لارنى قۇتقازغۇچى تەڭرى ئىنساننىڭ ئۇستازى
26. ... ... ... (ئەۋەلقى) ئىشەنچلىك سۆزلىرىگە
27. ... ... ... ئۆمرىدە
28. ... ... ... قۇتقۇزۇلمىغان
29. ................ ...
30 ................ ...

## ئىزاھاتلار

(1) ئۇلۇش — دۆلەت، ئەل دېگەن مەنىدە.

(2) تەرس نوملۇغ — بۇددىزم ئاتالغۇسى، «خاتا تۇقتىئىنەزەر» دېگەن مەنىدە. سانسكرىتچە [Mithyā dṛṣṭi] دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدۇ. بۇ تۇقتىئىنەزەردىكىلەر، سەۋەبىنىڭ نەتىجىسى، قىلمىشنىڭ كۆرگۈلىكى بارلىقى توغرىسىدىكى پىكىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇ سۆز خەنزۇچىدا «邪见» دېيىلىدۇ.

(3) دىندار — سوغدىچە [Dyndr] دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ئەسلى «مانى دىنى مۇرىدى» دېگەن مەنىدە. بۇ يەردە بۇددىزم دىندارلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

(4) بۇرخان — بۇددىزم تەڭرىسى بۇددانىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى.

(5) تۇغۇت ئانىسى — دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «ئاۋىچتا» دېيىلگەن. ئۇ، سانسكرىتچە [Avesa] دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ئەسلىدە «مۇقەددەس، سېھرىگەرلىك» دېگەن مەنىدە.

(6) بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا ساسچى، سانسكرىتچە [Ṡacī] دېگەن سۆزدىن كەلگەن. «ساسى» — «سەدىقە» دېگەن بولىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە «چى» ئۇلىنىپ، «ساسچى» بولغان. بۇ يەردە كۇلالچى (ساپال ياسىغۇچى) دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولسا كېرەك.

(7) پۇسكاراسارى — بىر پادىشاھنىڭ ئىسمى، ئارىلاشما سانسكرىت (ھىبرىت) چىدە [Puṡkasārin] دېيىلىدۇ.

(8) بەرە — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، سانسكرىتچىدە [yojana] دېيىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ تۇخارچىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

(9) (10) نانتى — سانسكرىتچە [nanda] دېگەن سۆزدىن كەلگەن ئىسىم. تېگىن — «شاھزادە» دېگەن مەنىدە. «نانتى تېگىن» — شاھزادە نانتى» دېگەن بولىدۇ.

(11) ئانانتىرس — سانسكرىتچە [ānantarya]، «ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان»، «ئۆلگۈر» دېگەن مەنىدە.

(12) ئاۋىش — سانسكرىتچە [Avīci] ئۇتى ناھايىتى ئۇلۇغ ئەڭ چوڭقۇر دوزاخ. مۇنداق دوزاخ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئاۋىش تامۇ» دېيىلىدۇ. «تامۇ» سوغدىچە [tmw] دوزاخ دېگەن بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇ سۆزنى سوغدىچىدىن قوبۇل قىلغان.

(13) كىتۇرمانى — بىر براھمان ئوغلىنىڭ ئىسمى.

(14) براھمان (برامان) — سانسكرىتچە [Brahmana]، «پاك، پاك قىلمىشلىق» دېگەن مەنىدە. بۇ ئاتالغۇ: 1) بىر خىل ئىجتىمائىي يۇقىرى تەبىقە يەنى ھىندىستاندى-

كى براھمانلارنىڭ دەرىجە فامىلىسى؛ 2) يۇرۇش - تۇرۇشى ساپ دىندار دېگەن مەنىدە.

(15) نوم — سوغدىچە [nwm]: 1) قانۇن، بۇددا قانۇنى، قائىدە - ئەقىدە، دىن، 2) كىتاب، بۇددىزم كىتابى دېگەن مەنىلەردە. بۇ سۆزدىن ياسالغان نوملىماق پېئىلى «دىنىي تەلىم بەرمەك» دېگەن مەنىدە.

(16) سۇپرىيى — سانسكرىتچە [Supriya] گاندارۋالار پادىشاھىنىڭ نامى.

(17) كانتارۋىلار — سانسكرىتچە [Gandharva]: 1) (ئىنسانلار يۇرتىدىكى) جىنلار، 2) تەڭرى ئىندىرانىڭ سازەندىلىرى.

(18) قۇڭقاۋ — «غۇڭقاۋ» ياكى «غۇڭقا» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى، كۇچار تام رەسىملىرىدە ئۇچرايدىغان بۇ چالغۇ ئەسۋابى خەنزۇچە «箜篌» دېيىلىدۇ.

(19) سارۋاتىنا — سانسكرىتچە [Sarvajānata] بۇددا دىنى ئاتالغۇسى. «بارلىق ئەقىل - پاراسەتنىڭ بەلگىسى» دېگەن مەنىدە.

(20) ديان سامار — بۇددىزم ئاتالغۇسى. ديان — سانسكرىتچە [Dhayāna]، «سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈش»، «يامانلىقتىن ۋاز كېچىش»، «ساۋاب ئورمانلىقى» دېگەن مەنىلەردە. سامار — سانسكرىتچە [Samādhi]، بۇمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش مەنىگە ئىگە. بۇ قوش سۆز بۇددىستلارنىڭ تۇيغۇسىدىكى چوڭقۇر ئوي - خىيالىنى كۆرسىتىدۇ.

(21) سەككىز تۈرلۈك تۈزۈن (توغرا يول — سانسكرىتچە [Arya Stāngi Kmārga] دېگەن سۆزدىن كەلگەن بۇددا ئاتالغۇسى. ئۇ، نىرۋانغا يېتىشنىڭ سەككىز خىل توغرا ئۇسۇلى ۋە يولىنى كۆرسىتىدۇ. بۇددىستلارنىڭ نەزەرىدە، مۇشۇ يول بىلەن ماڭسا، «بەندىلىكتىن ئەۋلىيالىققا» يەتكىلى، «ئېزىتقۇ قىرغىقىدىن ئويغىنىش قىرغىقىغا» ئۆتكىلى بولارمىش. شۇڭا ئۇ يەنە «سەككىز كېمە» ياكى «سەككىز سال» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

(22) تېتىك ھوشيار (ئەڭ دانا) بىلىملىك — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، سانسكرىتچە [tiksa – indriya] دېيىلىدۇ.

(23) ئوتتۇرا بىلىملىك ياكى ئوتتۇرا يول — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، سانسكرىتچە [Madhya māpratipad]، خەنزۇچە «中道» دېيىلىدۇ. «ئىككى قىرغاق» (ئېزىتقۇ ۋە ئويغىنىش) تىن ئايرىلىش يولى ۋە ئۇسۇلىنى چۈشەندۈرىدىغان تەلىمات. بۇنىڭغا بۇددا دىنىدىكى ماھايانا ۋە ھىنايانا مەزھەپدىكىلەرنىڭ بەرگەن تەبىرى، چۈشەنچىسى ئوخشىمايدۇ. ھىنايانا مەزھەپدىكىلەر بۇنى ئومۇمەن «سەككىز تۈرلۈك تۈزۈن يول» بىلەن ئوخشاش دەپ قارايدۇ ۋە ئۇنى بۇددىزمنىڭ ئەڭ ئالىي (تەۋرەنمەس) ھەقىقىتى دەپ تونۇيدۇ.

(24) ئاچكۆزلۈك — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «ئاز قىلىنچلىق» دېيىلىدۇ. ئۇ، ئالتە ئۆلۈش نىزۋانلارنىڭ بىرى. سانسكرىتچە [Rāga]، خەنزۇچە «贪» دېيىلىدۇ.

(25) ئۆپكە — ئاداۋەتچى كۆڭۈللۈك — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «ئۆۋكە كۆڭۈللۈك» دېيىلىدۇ. ئۇ، ئالتە ئۆلۈش نىزۋانلارنىڭ بىرى، باشقىلارغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان قەبىھ نىيەتكە قارىتىلغان. سانسكرىتچە [Pratigha]، خەنزۇچە

«瞋» دېيىلىدۇ.

(26) بىلمەسلىك — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «بىلگىسىز»، سانسكرىتچە [Moha, Muḍha] ، خەنزۇچە «痴» دېيىلىدۇ.

(27) ئازدۇرغۇچى — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، سانسكرىتچە [Sāṭhya]، خەنزۇچە «诳» دېيىلىدۇ. ئۇ، «ئەگەشمە نىزۋان» نىڭ بىر خىلى، يولدىن ئازدۇرۇش، ئالدامچىلىق قىلىش دېگەن مەنىدە.

(28) تەكەببۇر كۆڭۈللۈك — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «كۆۋەنچ كۆڭۈللۈك»، سانسكرىتچە [Māna]، خەنزۇچە «慢» دېيىلىدۇ. ئالتە نىزۋاننىڭ بىر خىلى.

(29) كۆرۈم كۆكسلىك — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى. سانسكرىتچە [mada]، خەنزۇچە «憍» دېيىلىدۇ. بۇددا دىنىدىكى «ئەگەشمە نىزۋان» نىڭ بىرى، «ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىغا تايىنىپ مەغرۇرلىنىدىغان بىر خىل روھىي ھالەت».

(30) ئارخانت — سانسكرىتچە [Arhan] ياكى [Arhat] دەپمۇ يېزىلىدۇ. بىر خىل رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە «ئارخانت» — شاكيامۇنىنىڭ ئەڭ قابىل ياردەمچىسى — شاگىرتى بولۇپ، ئۇ، بارلىق شاگىرتلارنىڭ ئالدى ھېسابلىنىدىكەن. ئارخانت — ھىنايانا مەزھىبى غايىسىدىكى ئەڭ يۇقىرى ئورۇن (مەرتىۋە) سانىلىدۇ.

(31) شارىر — سانسكرىتچە [Śarīra] بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، «جەسەت ۋە جەسەت كۈلى» دېگەن مەنىدە. رىۋايەت قىلىنىشىچە، شاكيامۇنىنىڭ جەستى كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ جەسەت كۈلى ئۈنچىسىمان نەرسىگە ئايلانغانمىش، كېيىنكى چاغلاردا يۇقىرى پەزىلەتلىك راھىبلارنىڭ جەسەتلىرى كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن قالغان جەسەت كۈللىرىمۇ «شارىر» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. ئېيتىلىشىچە، «شارىر» 3 خىل رەڭدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاق رەڭلىكى سۆڭەك شارىرى (كۈلى)، قارا رەڭلىكى چاچ شارىرى (كۈلى)، قىزىل رەڭلىكى گۆش شارىرى (كۈلى) دېيىلىدىكەن.

(32) مانۇچاپ — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، سانسكرىتچە [Manuṣya] دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. «نىيەت»، «ئەقىل - ئىدراك» دېگەن مەنىدە.

(33) ماھامۇتكالايان — سانسكرىتچە [Mahāmaud gal - yāyana] دېگەن براھمان ئۇرۇقىغا تەئەللۇق بىر ئارخانتنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇ، قەدىمكى ھىندىستاندىكى ماگىت ئېلىنىڭ پايتەختى راجاگارخا [Rājagṛha] شەھرىدىن. (بۇ شەھەر مىلادى 7 - ئەسىردىلا خارابىلىققا ئايلانغان) ئۇ، شاكيامۇنىغا چوقۇنغاندىن كېيىن، شاكيامۇنىنىڭ «ئون چوڭ شاگىرتى» نىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

(34) سۇمېرتاغ — سانسكرىتچە [Sumeru]، «چىرايلىق، كۆركەم، ھەيۋەتلىك، تۆرلۈق» دېگەن مەنىدە. ئۇ، ھىندى ئەپسانىلىرىدىكى بىر تاغنىڭ نامى. بۇددىستلار بۇ تاغنى دۇنيانىڭ كىندىكى (مەركىزى) ھېسابلايدۇ.

(35) مارىجى — سانسكرىتچە [Mārīcī]، «تەڭرى خانىش» نىڭ ئىسمى.

(36) گانجانا پاتى — سانسكرىتچە [Gadjapati] دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگەرگەن

شەكلى بولۇشى مۇمكىن. ھىندىستاندىكى بىر پادىشاھلىقنىڭ نامى.

(37) كاتاگىتى ــ سانسكرىتچە [Gatigata]، بىر قەدىمكى شەھەرنىڭ نامى.

(38) كالىياكا ساپرىس ــ سانسكرىتچە [Kalyaka – Sparśa]، كالىياكا ــ «چىرايلىق رەڭدار تون» دېگەن مەنىدە. ساپرىس ــ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، تەن بىلەن ماددىنىڭ، كۆڭۈل بىلەن مۇھىتنىڭ بىۋاستە ئۇچرىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. ساپرىس يەنە قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىكى «بۆرتمەك» دېگەن سۆز بىلەن بىللە كېلىپ، «تەگمەك، سىلىماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

(39) ماھاسىنا ــ سانسكرىتچە [Mahasena]، ھىندىستاندىكى بەناردىلىق بىر باينىڭ ئىسمى.

(40) نىزۋانى ــ سوغدىچە [nyzB'ny]: 1) نەپسانىيەت، زوق، ھەۋەس، ئىشقۋازلىق؛ 2) دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق؛ 3) دىلخەستىلىك، ئازاب، دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرگە ئىگە.

(41) سارىپۇترى ــ سانسكرىتچە [Śāriputra]، شاكيامۇنىنىڭ ئون چوڭ شاگىرتىدىن بىرىنىڭ نامى. ئۇ، ناھايىتى ئەقىللىق (دانىشمەن) ھېسابلىنىدىكەن.

(42) نىرۋان ــ سانسكرىتچە [nirvana] بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، ئەسلىدە «يېقاتماق، ئۆچمەك» دېگەن مەنىدە. بۇ ئاتالغۇ بۇددا دىنىدىكى ھايات ـ ماماتتىن خالى ھالەتكە بولغان ئىنتىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

(43) ۋىرۇتاك ــ سانسكرىتچە [Virūdhaka]، بىر ئىلىك بەگنىڭ نامى.

(44) كاپىلاۋاستۇ ــ [Kapilavastu]، قەدىمكى شەھەرنىڭ نامى. بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى شاكيامۇنى مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلغان. بۇ شەھەرنىڭ ئورنى ھازىرقى نېپال تەۋەسىگە توغرا كېلىدۇ.

(45) شاكى ــ سانسكرىتچە [Śakya]، ساكيامۇنى چىققان ئۇرۇق (قەبىلە) نىڭ نامى.

(46) ھىماۋانت ــ سانسكرىتچە [himavat]، ھىمالايا، ھىندىقۇش قاتارلىق تاغ تىزمىلىرى شۇنداق ئاتىلىدۇ.

(47) چىناكانتىك ــ ھىماۋانت (ھىمالايا) تاغلىرىدىن چىقىدىغان بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى.

(48) چاكىرمىت ــ سانسكرىتچە [Cankramati]، دېگەن سۆزدىن كەلگەن. «سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىق»، «ئايلىنىپ يۈرمەك» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە.

(49) بۆرتمەك ــ (38) ئىزاھقا قارالسۇن.

(50) پاتراناتى ــ سانسكرىتچە [Patra] بىلەن [nata] دېگەن سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان خاس ئىسىم.

(51) دېۋاداتا ــ سانسكرىتچە [Devadatta] دېگەن سۆز بولۇپ، شاكيامۇنىنىڭ تاغىسى دىرونودانارا‌جا [Dronodana Raja] نىڭ ئوغلى. ئۇ، شاكيامۇنىغا ئەگىشىپ،

ئۇنىڭغا شاگىرت بولغان بولسىمۇ، كېيىن ئۆزىنى «ئۇلۇغ ئۇستاز» دەپ ئاتاپ، شاكيامۇنىغا قارشى تۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا مەزھەب ئۇيۇشتۇرغان. شۇڭا ئۇ، بۇددىزم تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى «بۆلگۈنچى» ھېسابلىنىدۇ.

(52) پۇرنى — سانسكرىتچە [Pūrna]، بۇددا دىنىدىكى «ئالتە ئۇستاز» نىڭ بىرىنچىسى. پۇرنا — ئەسلى براھمان ئوغلى ئىدى، كېيىن شاكيامۇنىغا ئەگىشىپ، شاكيامۇنىنىڭ «10 چوڭ شاگىرتى» دىن بىرى بولۇپ قالغان ۋە «بۇددا ئەقىدىلىرىنى چۈشەندۈرگۈچى» دەپ ئاتالغان.

(53) تىرتىلار — سانسكرىتچە [tirthikas]، شاكيامۇنى بىلەن بىر دەۋردە براھمان دىنىغا قارشى ئېقىمدىكى 6 مەزھەپنىڭ ۋەكىللىرى. ئۇلار ئادەتتە «6 ئۇستاز» ياكى «يات يول (ئەقىدە) دىكى 6 ئۇستاز» مۇ دېيىلىدۇ، خەنزۇچىدا «六师外道» دەپ ئاتىلىدۇ.

(54) ياسۇچىك — بىر خىل ئېغىر كېسەلنىڭ نامى.

(55) سۇراتى — سانسكرىتچە [Surata]، «شاد - خورام»، «خۇشال» دېگەن مەنىدە.

(56) شازان (~شازىن) — سانسكرىتچە [Śāsana] «بۇددا تەلىماتى»، «بۇددا يارلىقى»، «ئىنتىزام (ئەمىر - مەرۇپ)» دېگەن مەنىلەردە.

(57) بىرام سانگالامپان — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، بىرام — سانسكرىتچە [Parama] «ئەڭ يۇقىرى»، «ئەڭ ئېسىل» دېگەن مەنىدە. سانگالامپان — سانسكرىتچە [Sangha+lambana] دېگەن سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر ئاتالغۇ، سانگا [Sangha] — «راھىپ»، «نەزىر - چىراغ»، «نوم ئوقۇش» دېگەن مەنىلەردە. لامبانا [lambana] — ھەر يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇددا دىنى بايرىمى. بۇ بايرام بۇددا دىنى راھىبلىرىنىڭ ئەڭ تەنتەنىلىك بايرىمى ھېسابلىنىدۇ.

(58) ساراسۋاتى — سانسكرىتچە [Sarasvati]، بۇددا دىنىدىكى تەڭرىلىك يىگىرمە دانىشمەننىڭ ئونىنچىسى. خەنزۇچىدا «大辩才天» دېيىلىدۇ.

(59) براخاسۋاتى — سانسكرىتچە [Brhaspati]، بۇددا دىنىدىكى ئىلاھىي دانىشمەنلەرنىڭ بىرى.

(60) كالپا (~كالپ) — سانسكرىتچە [Kalpa]، ناھايىتى ئۇزۇن بىر دەۋر.

(61) تاش يىگەن تۇتۇق — بەزى قۇرلاردا «چۇتاش يىگەن تۇتۇق» دەپمۇ يېزىلغان. ئۇ، «تەڭرى بۆگۈ ئېل بىلگە ئارسلانخان» (نامىلىق ئىدىقۇت) دەۋرىدە ئۆتكەن كاتتا ئەمەلدارلاردىن بىرى.

(62) گانگ ئۆگۈز — ھىندىستاندىكى گانگ دەرياسى.

(63) ئۈچ زامان — قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «ئۈچ ئۆد» بۇددا ئاتالغۇسى، بۇددىستلار نەزەرىدىكى ئۆتكەن زامان، ھازىرقى زامان ۋە كېلىدىغان زامان. خەنزۇچىدا «三世» دېيىلىدۇ.

(64) ئۇسنىرلاكسان — سانسكرىتچە [uṣṇisa] ۋە [lakṣana] دېگەن سۆزلەرنىڭ

قوشۇلۇشىدىن ياسالغان ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇسنىر [usnisa] — «بەلگە، ئالامەت»، لاكسانا [laksana] — دىنىي پۈرما ياكى باشقا تاقايدىغان بىزەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

(65) ئەردىنى — سانسكرىتچە [Ra'na]، «مەرۋايىت، گۆھەر، ئەگگۈشتەر» دېگەن مەنىلەردە.

(66) سانبۇتىك — سانسكرىتچە [Sambodha] «تىرىغرا چۈشىنىش» دېگەن مەنىدە.

(67) پارامارتىك — ئارىلاشما سانسكرىتچە [Pāramita] «ئۆتىۋش» دېگەن مەنىدە. ئۇ «كونا ئۆرپ-ئادەتنى تاشلاپ، ھايات-ماماتتىن ۋاز كېچىپ، نىرۋانىغا يېتىپ بېرىش» دېمەك بولىدۇ.

(68) سانگىرتاك — سانسكرىتچە [Śankara – tik] دېگەن سۆزدىن كەلگەن، [Śankara] — خەيرىلىك، سائادەتلىك، ياخشىلىق ئالامىتى دېگەن مەنىدە. [tik] — سانسكرىتچە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە.

(69) سۇدۇر (~سۇترا) — سانسكرىتچە [Sutra] دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى، «بۇددانىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرى» سۇترا دېيىلىدۇ.

(70) ۋىناي — سانسكرىتچە [Vinaya] بۇددا نومىلىرىنىڭ پەرھىز قىسمى.

(71) ئابىدارام — سانسكرىتچە [Abhidharma] «چۈشەندۈرۈش — تەپسىر قىلىش» دېگەن مەنىدە. بۇددا نومىلىرىنىڭ تەپسىر قىسمى.

(72) ئاز-ئالىمر — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، تۈرلۈك نىزۋانىلار (جىنايى ئارزۇ ۋە قىلمىشلار) نىڭ بىرى.

(73) ۋىناي خەزىنىلىك ئاكات — قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «ۋىناي ئاغىلىق ئاكات» «يورۇق-نۇرلۇق خەزىنىلىك ۋىناي» دېگەن مەنىدە. ئاكات — سانسكرىتچە [Akat]، «نۇر يورۇقلۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

(74) سەككىز تۈرلۈك تۈزۈن يىل — (21) ئىزاھقا قاراڭ.

(75) سانسار — سانسكرىتچە [Samsār] «ھايات-ماماتلىق ئايلىنىشى» دېگەن مەنىدە. بۇ ئەسلىدە قەدىمكى ھىندىستاندىكى براھمان دىنىنىڭ ئەقىدىسى ئىدى. بۇددا دىنى بۇ ئەقىدىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆز دىنى ئەقىدىسىگە كىرگۈزگەن.

(76) دۇنياۋى چادار — قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «ئازۇنلۇق چادار» بۇددا دىنىدا بۇ ئالەمگە قويۇلغان ئىسىم. چادار — نادانلىق، بىلىمسىزلىك دېگەن مەنىدە؛ چادار دەرياسى — نادانلىق دەرياسى دېگەن بولىدۇ.

(77) بەش دۇنيالىق (~بەش ئازۇنلۇق) — بۇددا دىنىدا پانى ۋە باقى ئالەملەرنى مۇشۇ ئاتالغۇ بىلەن ئاتايدۇ.

(78) تۆت تۇغۇملۇق — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، سانسكرىتچە [Caturvoni]، خەنزۇچە «四生» دېيىلىدۇ. بۇلار: 1) تۇخۇمدىن تۆرىلىش؛ 2) قورساقتىن تۇغۇلۇش (ئادەم ۋە ھايۋانلار)، 3) نەملىكتىن تۆرىلىش (بارلىق قۇرت-قوڭغۇزلار)؛ 4) روھ-

ئەرۋاھقا ئايلىنىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(79) بېزەك — ئەسلى تىبەتچە [bəzək] دېيىلگەن. بۇددا دىنىدا «تۈزۈن يولغا ماڭغانلار بېشىغا تاقايدىغان بېزەك (تاج)». ئۇنىڭ يەنە «گۈلدىن ياسالغان تاج، گۈل چەمبىرەك» دېگەن مەنىسىمۇ بار.

(80) چىنتامانى — سانسكرىتچە [Cintamani] «مەرۋايىت، گۆھەر» دېگەن مەنىدە.

(81) ئاقىدىغان ئاقمايدىغان — قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا ئاقاناغلاغ — ئاقاناغسىز دېيىلىدۇ. ھەر ئىككىلىسى بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، «ئاقىدىغان» — سانسكرىتچە [Bhavāsrava]، «ئاقمايدىغان» — سانسكرىتچە [Anāsrava] دېيىلىدۇ. بۇ ئىككى ئاتالغۇ «نىزۋانى ئالەم» ۋە «ئېقىش، تۇرۇش» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. «ئېقىش» — نىزۋان سەۋەبىدىن جانلىقلار كۆز، قۇلاق، تىل، بۇرۇن،...قاتارلىق 6 ئەزادىن «پاكسىز بولمىغان» نەرسىلەرنى چىقارغانلىقتىن ھايات-ماماتلىق ئالمىشىپ تۇرىدۇ، «تۇرۇش» — ئاشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جانلىقلار 3 ئالەمدە «تۇرۇپ قالىدۇ»، شۇڭا ئۇلارمۇ ھايات-ماماتلىقنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىدىن قۇتۇلالمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

(82) لاكسانا — سانسكرىتچە [lakṣaṇa] بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، «بەلگە، نىشان، ئالامەت» دېگەن مەنىدە. «-سىز» — ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىنكار قوشۇمچىسى.

(83) ئاگام نوم — سانسكرىتچە ئاگاماسۇترا [Āgama Sūtra]، خەنزۇچە «阿含经»، «تەڭداشسىز قانۇن، تەلىمات» دېگەن مەنىدە. بۇ، بۇددىزم تەلىماتىنىڭ دەسلەپكى تېپىمى، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆتنجى قېتىملىق دىنىي قۇرۇلتاي ۋاقتىدا بېكىتىلگەن ۋە ھەرقايسى مەزھەپ-گۇرۇھلار شەكىللىنىشنىڭ ئالدى-كەينىدە سىستېمىلىق رەتلەنگەن، تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىركى 1-ئەسىردە يېزىلغان.

(84) نىپىتچا تۇرت — سانسكرىتچە [Nivṛtti – Catur] بۇددا دىنى ئەقىدىسىدىكى «تۆت ھەقىقەت» نىڭ 4-چىسى، ئۇنىڭدا بارلىق ئۆرپ-ئادەت ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ يوقىلىش سەۋەبلىرى چۈشەندۈرۈلىدۇ.

(85) سانۋار — سانسكرىتچە [Saṁvara] بۇددا دىنىدىكى «سەككىز چەكلىمە ياكى سەككىز پەرھىز».

(86) بارامارت — سانسكرىتچە [Paramārtha] «ھەقىقىي پاكىت، ھەقىقىي ماھىيەت» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. بۇ ئاتالغۇ ئەسلىدە قەدىمكى ھىندى براھمان دىنىدا قوللىنىلغان، كېيىن بۇددا دىنىدىمۇ ئىشلىتىلگەن. خەنزۇچىدا «真谛» دەپ ئاتىلىدۇ.

(87) بوشغۇتلۇق — قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىكى «بوشغۇت» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ئوقۇغان، تەلىم ئالغان دېگەن مەنىدە. ئۇ، بۇددا دىنىدا جاپالىق تەربىيىلىنىشنىڭ بىر پەللىسىنى كۆرسىتىدۇ ۋە «قاتاغلانماق (تىرىشماق)»، «كۆرۈم يول» بىلەن قوشۇلۇپ «ئۈچ يول» دەپ ئاتىلىدۇ.

(88) بوشغۇتسىز — بۇددا دىنىدىكى جاپالىق تەربىيىلىنىشنىڭ يەنە بىر يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، بۇ پەللىگە يەتكەندىن كېيىن، قايتا تەربىيىلىنىش ۋە ئۆگىنىشنىڭ

هاجىتى قالمايدۇ. مۇشۇ پەللىگە يەتكەنلەر «بوشغۇتسىز» دەپ ئاتىلىدۇ.

(89) بۇرسۇق (~بۇرساق) — سانسكرىتچە [Buddha-Sangha] دېگەن سۆزدىن كەلگەن، «راھىپ» دېگەن مەنىدە. بۇ ئاتالغۇ خەنزۇچە «فوسىڭ佛僧» دېيىلىدۇ.

(90) دارسانار — سانسكرىتچە [Dṛṣt] ياكى [Dasśana]. شەيئىلەرگە بولغان بىر خىل كۆزقاراش، بىر خىل مەسلەك.

(91) كسان (~كاسان) — سانسكرىتچە [Ksaṇa] شۇئان، دەرھال دېگەن مەنىدە، «كسان ئۆد» كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت.

(92) سورداپان — سانسكرىتچە [Srotāpanna] «سەككىز ئېقىن» دېگەن مەنىدە. بۇددا دىنىدا مۇقەددەس تۇرمۇشقا ئۆتۈشنىڭ يولى، بۇددا دىنىدىكى ئەۋلىيالىقنىڭ 1-دەرىجىسى. بۇددىزم مۇرتلىرى بۇ يولغا كىرىپ، تەدرىجىي يۇقىرى ئۆرلەپ، زېمىن بىلەن ئاسمان ئارىلىقىدا يەتتە قېتىم ئايلىنىپ، نىرۋانىغا ئېرىشەرمىش.

(93) ساكارداگام — سانسكرىتچە [Sakṛdāgāmin] بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، بۇددا دىنىدىكى ئەۋلىيالىقنىڭ 2-دەرىجىسى.

(94) ئامرانماق ئۇلۇس — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، سانسكرىتچە [Kāmadhātu]، «欲界» دېيىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ يېمەكلىك، ئۇيقۇ، جىنسىي ئارزۇ تەلپىدە بولىدىغان ئورۇننى كۆرسىتىدۇ. ئۇ — تامۇ (دوزاخ)، پىرىت (جىن - ئالۋاستى)، يىلقى (ھايۋانلار)، ئاسۇرلار، ئادەم ۋە ئامرانماق ئۇلۇستىكى ئالتە قات تەڭرىلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئارزۇ-ئىستەك تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، «ئامرانماق ئۇلۇش» دەپ ئاتالغان. بۇ ئاتالغۇ بەزى لۇغەتلەردە ئالەم، زېمىن، تەۋەلىك دەپمۇ چۈشەندۈرۈلىدۇ. «ئامرانماق» — قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا ئامراقلىق، مۇھەببەت-سۆيگۈ دېگەن مەنىدە. بۇ يەردە ئارزۇ-ئىستەك مەنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر خىل ئابستراكت بۇددا دىنى ئاتالغۇسىغا ئايلانغان. «ئۇلۇش» — دۆلەت، ئەل دېگەن مەنىدە. شۇڭا بىز بۇ ئاتالغۇنى «ئامرانماق ئۇلۇس» دەپ ئۆز پېتى ئالدۇق.

(95) ئالتە ئۇلۇش نىزۋانى — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، خەنزۇچىدا «六烦恼» دېيىلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە: 1) ئاچكۆزلۈك — سانسكرىتچە [Raga]، خەنزۇچە «贪»؛ 2) ئۆپكە-ئاداۋەتچىلىك — سانسكرىتچە [Pratigha]، خەنزۇچە «瞋» — بۇ ئاتالغۇ باشقىلارغا ئۆچمەنلىك، زىيانكەشلىك قىلىدىغان قەبىھ نىيەتنى كۆرسىتىدۇ. 3) بىلىمسىزلىك — سانسكرىتچە [Moha, Mudha]، خەنزۇچە «痴»؛ 4) تەكەببۇرلۇق — سانسكرىتچە [Māha]، خەنزۇچە «慢»؛ 5) گۇمانخورلۇق — سانسكرىتچە [Viciteā]، خەنزۇچە «疑»؛ 6) يامان ئوي-پىكىر — سانسكرىتچە [Mithyādṛṣṭi]، خەنزۇچە «恶见»، يۇقىرىقىدەكلەر بۇددا دىنى تەلىماتىغا زىت كېلىدىغان كۆزقاراشلار ھېسابلىنىدۇ. بۇلار بارلىق نىزۋانلارنىڭ يىلتىزى بولۇپ، سانسكرىتچە [Mūla Klesa]، خەنزۇچە «根本烦恼» (تۈپ نىزۋان) دەپ ئاتىلىدۇ.

(96) ئاناگام — سانسكرىتچە [Ânâgamin] «قايتمايدىغان، كەلمەيدىغان»

دېگەن مەنىدە. بۇددا دىنىدىكى ئەۋلىيالىقنىڭ 3 - دەرىجىسى.

(97) توققۇز ئۇلۇش نىزۋانى — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، سانسكرىتچە [Upakleśa]، خەنزۇچە «随烦恼» (ئەگەشمە نىزۋان) دېيىلىدۇ. ئۇ «ئالتە ئۇلۇش نىزۋان» (تۈپ نىزۋان) نىڭ ئەكسى بولۇپ، «تۈپ نىزۋانغا ئەگىشىپ چىقىدىغان نىزۋان» بولغانلىقى ئۈچۈن «ئەگەشمە نىزۋان» دەپ ئاتىلىدۇ. «ئەگەشمە نىزۋان» نىڭ سانى توغرىلىق ئوخشىمايدىغان چۈشەنچىلەر بار. بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن «توققۇز ئۇلۇش نىزۋان» — «ئەگەشمە نىزۋان» ئىچىدىكى تۆۋەندىكى توققۇز نىزۋانغا قارىتىلغان: 1) ئەسەبىيلىك — سانسكرىتچە [Krodha]، خەنزۇچە «忿»؛ 2) يوشۇرماقلىق — سانسكرىتچە [Mrakṣa]، خەنزۇچە «覆». گۇناھلىق ئىشلارنى يوشۇرىدىغان بىر خىل ئالا كۆڭۈللۈك، 3) بېخىللىق — سانسكرىتچە [Mātsarya]، خەنزۇچە (چيەن — 悭)؛ 4) ھەسەتخورلۇق — سانسكرىتچە [Īrsya] خەنزۇچە «嫉»، 5) سەپرالىق — سانسكرىتچە [Pradāśa]، خەنزۇچە «恼»؛ 6) زىيانكەشلىك — سانسكرىتچە [Vihiṃsa]، خەنزۇچە «害»، 7) ئۆچمەنلىك — سانسكرىتچە [Upnoāha]، خەنزۇچە «恨». باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان بىر خىل ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت؛ 8) ھارامزادىلىك — سانسكرىتچە [Māyā] خەنزۇچە «谄». بىر خىل ھالى چوڭلۇق، تەكەببۇرلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەككارلىق — ھارامزادىلىك؛ 9) ئالدامچىلىق — سانسكرىتچە [Śaṭhya]، خەنزچە «诳».

(98) ئۆڭلۈك (ۋە) ئۆڭسىز تەڭرى يېرى — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، 1) ئۆڭلۈك تەڭرى يېرى — تاماق ۋە شەھۋانىلىقتىن ۋاز كەچكەنلەر تۇرىدىغان ماكان. ئۆڭسىز تەڭرى يېرى — بۇ يەردە ماددىي نەرسىلەرنىڭ ھېچقانداقى بولمايدۇ. بۇ يەردە ياشايدىغانلارنىڭ تېنى يوق، روھى بار بولۇپ، ئۇلار تەڭرىگە تايىنىپ ئورۇنتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرارمىش.

(99) تۆتىنچى ئۆڭسىز تەڭرى يېرى — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، ئېيتىلىشىچە يەنە «تۆت ئۆڭسىز تەڭرى يېرى» بار ئىكەن. «تۆتىنچى ئۆڭسىز تەڭرى يېرى» — ئەنە شۇ «تۆت ئۆڭسىز تەڭرى يېرى» نىڭ تۆتىنچىسىنى كۆرسەتسە كېرەك.

(100) سەككىزىنچى ئۇلۇش نىزۋانى — سانسكرىتچە [Māyā] دېيىلىدۇ. ئۇ، «توققۇز ئۇلۇش نىزۋان» نىڭ سەككىزىنچىسى — «ھارامزادىلىك» نى كۆرسىتىدۇ.

(101) كۆرۈم يول — بۇددا دىنىدىكى «ئۈچ يول» نىڭ بىرى بولۇپ، بۇددا دىنىدا جاپالىق تەربىيىلەنمەك، تىرىشماقلىقنىڭ بىر باسقۇچى. ئۇ، خەنزۇچىدا «见道» دېيىلىدۇ.

(102) ساداقەتمەن ئەگىشىپ ماڭغۇچى — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، «كۆرۈم يول» نىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى جاپالىق تەربىيىلەنگۈچىلەر. ھىنايانا مەزھىبىنىڭ قارىشىچە، بۇلار «كەم ئەقىل» بولغانلىقى ئۈچۈن باشقىلاردىن بۇددىزىم قانۇنلىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق ئېتىقاد قىلىدۇ. شۇڭا بۇ خىلدىكىلەر «ساداقەتمەن ئەگىشىپ ماڭغۇچى» دەپ ئاتىلىدۇ.

(103) نومغا ئەگەشىپ ماڭغۇچى — بۇ خىلدىكىلەر تېتىك، ھوشيار، پاراسەتلىك بولىدۇ. ئۆزى بىۋاستە نوم ئۆگىنىش ئارقىلىق جاپالىق تەربىيىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار «نومغا ئەگەشىپ ماڭغۇچىلار» دەپ ئاتىلىدۇ.

(104) كۇلا كولى — سانسكرىتچە [Kula — Koliya]، «كۇلا — [Kula]» ئادەتتىكى ئۆي - ئائىلە دېگەن مەنىدە. «كولىيا [Koliya]» — بۇددا ئائىلىسى، ئۆي دېگەن مەنىدە. «كولىيا» دېگەن ئاتالغۇنىڭ «قوشنا، ئۇرۇق - تۇغقان» دېگەن مەنىسىمۇ بار. ئۇ، بۇددا دىنىدا ئادەتتىكى ئائىلىدىكىلەرنىڭ بۇتقا چوقۇنۇپ، بۇددا ئائىلىسىگە قوشۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

(105) بىر - ئىككى ئۆيلەردە دۇنيا تۇتماق — بۇ ئادەتتىكى ئائىلە (براھمان دىنى ئائىلىسى) دىن بۇددا دىنى ئائىلىسىگە ئۆتكەنلىكىنى يەنى براھمان دىنىدىن بۇددا دىنىغا كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

(106) دۇنيا تۇتماق — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «ئاژۇن تۇتار»، خەنزۇچىدا «转世» دېيىلىدۇ.

(107) ئىكاۋىچىكى — سانسكرىتچە [Ekavīcika] ئاناگام بەختىنى تاپقان بىر خىل ئەۋلىيانىڭ نامى.

(108) كۆرۈم تاپقان — نۇقتىئىنەزەرگە ئىگە بولغان، تەشەببۇسقا ئىگە بولغان» دېگەن مەنىدە.

(109) تېنىنى ئىسپاتلىغۇچى — قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «ئەت ئۆزىن تانۇغلاغۇچى»، خەنزۇچە «证身» دېيىلىدۇ. ئاناگام بەختىگە ئېرىشكەنلەرنىڭ بىر خىل ئەۋلىيالىق مەرتىۋىسى.

(110) دۇنيا تۇتماق (ئاژۇن تۇتار) — (106) ئىزاھقا قارالسۇن.

(111) تىپۇلۇر تۆزلۈگ — «بۆسۈپ ئۆتكۈچى ماھىيەتلىك» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «تىقۇز بوشغۇتسىز ئارخانتىنىڭ 6 - چىسى، خەنزۇچە «堪达相» ياكى «堪达法» دېيىلىدۇ.

(112) ئۆچمەك ديان ساھار — سانسكرىتچە [Nirodhasanāpātti]، بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، «ئوي - پىكىرنى باشقۇرۇپ، ھەرىكەتلەرنى توختىتىدىغان بىر خىل ديان سامار» نىڭ نامى.

(113) ئىككىدىن بىر ئۆلۈشى بىلەن قۇتۇلماق — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى. 9 بوشغۇتسىز ئارخانتنىڭ 9 - چىسى.

(114) خىرمۇزتا — سوغدىچە [Xwrmzt'] «ئىلاھ، تەڭرى» دېگەن مەنىدە. بۇ ئەسلىدە مانى دىنىدىكى ئىلاھ ئىدى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنى ئىلاھى «ئىندرا» نى ھىرمۇزتا نامى بىلەن ئاتىغان.

(115) ئاسانگى — سانسكرىتچە [Asaṅkhya]، «ھەددىدىن زىيادە ئۇزۇن»، سان - ساناقسىز ۋاقىت دېگەن مەنىدە.

(116) بىرامىت (~بارامات) — سانسكرىتچە [Bhrāmyati] دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

(117) چاكرىرت ئىلىگ خان — سانسكرىتچە [Sakravarti rāja] قەدىمكى ھىندى ئەپسانىلىرىدىكى «مۇقەددەس خان»، ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، «چاق ئەردىنى» گە ئېرىشىپ، ئاشۇ «چاق ئەردىنى» سىنى پىقىرىتىپ دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىنى ئۆزىگە قاراتقانىمىش.

(118) ئابىسىك — سانسكرىتچە [Abhiseka] دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ: 1) بۇتخانا (ئىبادەتخانا) ئىچىدە پادىشاھلىق تەختىگە چىقىدىغانلارنىڭ ماڭلىيىغا ماي سۈرتىلىدىغان بىر خىل «مۇقەددەس مۇراسىم»؛ 2) مەرتىۋە ئۆستۈرۈش، ئابروي، نوم تەپسىر قىلىش قاتارلىق مەنىلەرگە ئىگە.

(119) كوتساۋار — سانسكرىتچە [Puru-Kutsava] دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولسا كېرەك. ئىندىرانىڭ رەقىبىنىڭ نامى.

(120) تاج — ئەسلى تېكىستە «دىدىم — [didim]» دېيىلگەن. بۇ ئاتالغۇ سوغدىچە [dydm] دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، «تاج، سەلتەنەت» دېگەن مەنىدە.

(121) كىتۇماتى — سانسكرىتچە [Ketumatī] «ئون تاغ پادىشاھى» دىن بىرىنىڭ نامى.

(122) شاستىر — سانسكرىتچە [Śastra] بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان سوترانىڭ تەپسىرى.

(123) براھمايۇ — سانسكرىتچە [Brahmayu] بەنارىستىكى براھمانلار پادىشاھىنىڭ نامى.

(124) براھماۋاتى — سانسكرىتچە [Brahmāvatī] مايترىنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى.

(125) تۇۋىت — سانسكرىتچە [tusita]، بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، «تەڭرى يېرى» دېگەن مەنىدە. ئېيتىلىشىچە، بۇ تەڭرى يېرىدە ئىچكى- تاشقى ئوردا - قەسىرلەر بار بولۇپ، تاشقى قەسىرىدە «ئامرانماق ئۇلۇس» تا تۇرىدىغان تەڭرىلەرنىڭ بىر قىسمى تۇرىدىكەن، ئىچكى قەسىرىسى مايترى تۇرىدىغان «پاك تۇپراق» لاردىن بىرى ھېسابلىنىدىكەن. بەزى نوملاردا يەنە مايترىنىڭ شاگىرت - مۇرىتلىرى بۇنىڭ نامىنى دائىم تىلغا ئېلىپ ئەسلىسە، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن مۇشۇ تەڭرى يېرىدە تۇرارمىش. بۇ يەردە تۇرغۇچىلارنىڭ تېنىدىن نۇر يېغىپ تۇرارمىش ۋە ئۇ نۇر ئالەمنى يورىتارمىش.

(126) مايترى — سانسكرىتچە [Maitreya]، «مېھرىبان، شەپقەتلىك» دېگەن مەنىلىك خاس ئىسىم. ئادەتتە [Aditja] دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مايترى — بۇددىستلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى كەلگۈسىدە دۇنياغا كېلىدىغان بۇددا بولۇپ، ئېيتىلىشىچە، ئۇ، شاكيامۇنىنىڭ شاگىرتلىرى ئىچىدىكى مۇھىم شەخس ئىكەن. شاكيامۇنى ئۇنى توچىتا دېگەن جايدا كۆرۈپ 5000 يىلدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ۋارىسى قىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەنىمىش. مايترى ئەسلى براھمان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، كېيىن بۇددا مۇرىتى بولغان. ئۇ، بارلىق بۇددىزىم مۇرىتلىرى تەلمۈرىدىغان قۇتقازغۇچى تەڭرى ھېسابلىنىدۇ. «مايترى سىمىت» تىكى سىمىت سۆزى سانسكرىتچە [Samiti] دىن كەلگەن بولۇپ، «ئۇچرىشىش، كۆرۈشۈش» دېگەن مەنىدە.

(127) بۇدىساۋات — سانسكرىتچە [Budhisattva] «ھەر بىر ئادەمنىڭ ھېس -

تۇيغۇسىنى بىلدىغان» دېگەن مەنىدە. شاكيامۇنى دەرۋىشلىك قىلىپ يۈرگەن، تېخى
بۇددداغا ئايلانمىغان چاغلاردا مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلاتتى، كېيىن بۇددىزم ئىدىيىسىنىڭ
ئەمەلىيلەشتۈرگۈچىلىرى مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى.

(128) شازىن (~شازان) — (56) ئىزاھقا قارالسۇن.

(129) ئەنەتكەك — قەدىمكى ھىندىستاننىڭ نامى. سوغدىچە ['yntk'k]، بۇ ئاتالغۇ سوغدى تىلى ئارقىلىق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كىرگەن. ئۇيغۇر تىلىدا «ئەنەتكەك ئېلى» دەپ ئاتىلاتتى.

(130) ۋايىباش ساساتار — سانسكرىتچە [Vibhāṣā – Śāstra]، بىر شاستىرنىڭ نامى.

(131) كوۋراناگاۋى — سانگاپاترى — سانسكرىتچە خاس ئىسىم.

(132) كوناپىرابى — سانسكرىتچە [Guṇaprabha]، خاس ئىسىم.

(133) مانۇرتنى — سانسكرىتچە خاس ئىسىم.

(134) سانگا تىلى، ئىسيانى سۇرى — سانسكرىتچە خاس ئىسىم.

(135) كوتىكى — سانسكرىتچە [Kuṭika] دېگەن سۆزدىن كەلگەن خاس ئىسىم.

(136) مادارچىتا — سانسكرىتچە Mātṛceta، خاس ئىسىم.

(137) ئاسۋا گوسى — سانسكرىتچە [Áśvaghoṣa]، خاس ئىسىم، مىلادى 1 - 2 - ئەسىرلەردە ئۆتكەن قەدىمكى ھىندى بۇددىزم شائىرى، پەيلاسوپى، ماھىيانا مەزھىبىنىڭ ئاتاقلىق نەزەرىيىچىسى.

(138) تۆت كۈسەن — كۈچارنىڭ قەدىمكى نامى.

(139) بوداراكشىتا — سانسكرىتچە خاس ئىسىم.
راكشىتا — [Rakṣita] ئەۋلىيا دېگەن مەنىدە.

(140) سارايا راكشىتى — سانسكرىتچە خاس ئىسىم.

(141) ئازۇك راكشىتى — سانسكرىتچە خاس ئىسىم.

(142) ئۈچ سۇلمى — قەدىمكى قاراشەھەرنىڭ نامى بولۇپ، بۇ ھەقتە تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىل 2 - سانىغا بېسىلغان «سۇلمى ھەققىدە ئىزدىنىش» دېگەن ماقالىغا قارالسۇن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا ئىلاۋە قىلىنغان ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقىرى ئىشلىگەن دۇگىلەك خەرىتىدىمۇ «سۇلمى» دېگەن شەھەرنىڭ ئورنى ئايرىم كۆرسىتىلگەن.

(143) دارماگام — سانسكرىتچە خاس ئىسىم.

(144) بونيانداتا — سانسكرىتچە [Puṇyadatta]، خاس ئىسىم.

(145) ئارياچانترى ئاچارى (~ئاريا چاترى) — سانسكرىتچە خاس ئىسىم، ئاچارى — بۇددا دىنى ئۆلىماسى. «ئۇستاز»، دېگەن مەنىدە. سانسكرىتچە Ācarya.

(146) ئۇپاسى — سوغدىچە ['WP'sy]، سانسكرىتچە [Upā Saka] «ئۈچ ئەردىنى» («ئۈچ گۆھەر») گە يەنى: 1) بۇددداغا؛ 2) بۇددىزم نوملىرىغا؛ 3) راھىبلارغا

چوقۇنىدىغان، بۇددىزمنىڭ «بەش پەرھىزى» نى قوبۇل قىلغان، ئۆيدە تۇرۇشلۇق ئەرلەر شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

(147) ژۇن ــ خەنزۇچە «رۇن ــ 闰» دىن كەلگەن بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «ژۇن ئۈچىنچى ئاي» دېيىلگەن. بۇ ــ كەبىسە (يەنى ئارتتۇرۇلغان) 3 - ئاي دېگەن بولىدۇ.

(148) ئەرزۇئا ــ سوغدىچە [·zrw·] دېگەن سۆزدىن كەلگەن ئاتالغۇ بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇلار براھمان دىنى (ھىندى دىنى) نىڭ ئىجادچىسى تەڭرى براھمانى «ئەزرۇئا» نامى بىلەن ئاتىغان. «ئەزرۇئا» ــ ئەسلى مانى دىنىنىڭ تەڭرىسى ئىدى.

(149) تۆت ماھاراچ ــ «ماھاراچ»، سانسكرىتچە [Maha – Raja] «ئۇلۇغ خان، ئۇلۇغ پادىشاھ» دېگەن مەنىدە. بۇ يەردىكى تۆت ماھاراچ ــ بۇددا دىنى رىۋايىتىدە ئېيتىلغان ئالەمنى قوغدىغۇچى تۆت ئاسمان پادىشاھىغا قارىتىلغان. (خەنزۇچە «四大天王» دېيىلىدۇ).

(150) نامۇبۇت ــ سانسكرىتچە [namo buddhāya]، مەنىسى «بۇدداغا ھۆرمەت قىلايلى».

(151) نامو دارام ــ سانسكرىتچە [namo dharmāya]، مەنىسى «بۇددىزم ئەقىدىسىگە ھۆرمەت قىلايلى».

(152) نامۇساڭ ــ سانسكرىتچە [namosaṅghāya]، مەنىسى «راھىبلارغا ھۆرمەت قىلايلى».

«بۇت، دارام، ساڭ» بۇددا دىنىدا «ئۈچ گۆھەر» (سانسكرىتچە [Triratna] خەنزۇچە «三宝»، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئۈچ ئەردىنى) دېيىلىدۇ.

(153) ئاڭ ماگىت (~ماگات) ــ سانسكرىتچە [Magadhạ]، مەركىزىي ھىندىستاندىكى قەدىمكى دۆلەت نامى بولۇپ، بۇددىزمنىڭ بۆشۈكى ھېسابلىنىدۇ.

(154) راچاگرى ــ سانسكرىتچە [Rajagrḥa]، مەنىسى «خان تۇرىدىغان شەھەر». ئۇ ماگىت دۆلىتىنىڭ پايتەختى ۋە شاكىيامۇنى دىن تارقاتقان مەركەزلەردىن بىرى. ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى ھىندىستاننىڭ بىھار شىتاتىدىكى تىلايا دېگەن جاينىڭ ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.

(155) ۋايشىرۋانى ماھاراچ ــ سانسكرىتچە [Vaiśravana maharaja]، ئۇ بۇددا دىنى رىۋايىتىدىكى ئالەمنى قوغدىغۇچى 4 خاننىڭ بىرى يەنى شىمالنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ھېسابلىنىدۇ.

ماھاراچ ــ «ئىلىگ بەگ ياكى پادىشاھ، خان» دېگەن مەنىدە.

(156) ئىنانچ ــ قەدىمكى ئۇيغۇرچە مەمۇرىي ئەمەل نامى.

(157) بۇيرۇق ــ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھەربىي ئەمەل نامى.

(158) ساداكارى ــ سانسكرىتچە [Satakŕi]،

(159) ھايماۋاتى ــ سانسكرىتچە [Haimavata]·

(160) پۇراناكۇ ــ سانكىسرىتچە [Purnaka]·

ساداكارى، ھايماۋاتى، پۇراناكۇلار ۋايشىرۋانى ماھاراجىنىڭ قول ئاستىدىكى سەردىكەرلەر ھېسابلىنىدۇ.

(161) باراناس — سانسكرىتچە [Varanasi]، مەنىسى «دەريا ئەگىپ ئۆتكەن شەھەر»، بۇ ئىسىم قەدىمكى كۇچار تىلى ئارقىلىق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن. بۇ شەھەر گانگ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىنىڭ سول تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇددا دىنى مۇرىتلىرى تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جاي ھېسابلىنىدۇ.

(162) ئارسىۋدان — سانسكرىتچە [Rsidāva] مەنىسى «ئەۋلىيالار بېغى»، بۇ ئاتالغۇ يەنە سانسكرىتچىدا [Mrgadava] دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەنىسى «ئەۋلىيالار ماكانى». ئارسىۋدان بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى بولۇپ، ئورنى باراناس دۆلىتىدە. رىۋايەت قىلىنىشىچە شاكيامۇنى بۇددا (بۇرخان) بولغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاۋۋال مۇشۇ جايدا نوم نومىلىغانىكەن.

(163) ساڭرام — سانسكرىتچە [Sangharama] مەنىسى «ئىبادەتخانا».

(164) ئاتياناكۇتانى — سانسكرىتچە [Ājnātakaundinya].

(165) ئاسۋاچى — سانسكرىتچە [Ásvajit].

(166) ماھانامى — سانسكرىتچە [Mahānāmakulika].

ئاتياناكۇتانى، ئاسۋاچى، ماھانامى بۇلار شاكيامۇنىغا ئەگىشىپ راھىپ بولغان 5 بىكسۇنىڭ 3 ى ھېسابلىنىدۇ.

(167) بەش پانچىكى — بۇددىزم رىۋايىتىدىكى ئەڭ دەسلەپكى 5 بىكسۇ (تىلەمچى) نى كۆرسىتىدۇ. شاكيامۇنى ئۆي - ۋاقىنى تاشلاپ ماڭغاندا، ئۇنىڭ ئاتىسى سۇتۇدان ئېلىگ بەگ ئۇنىڭغا كۆپ نەسىھەت قىلىپ توسۇيدۇ، لېكىن ئۇنىڭمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىدىن 5 كىشىنى شاكيامۇنىغا ھەمراھ بولۇپ ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ئارسىۋداندا (ياكى Mrgadava دا) شاكيامۇنىنىڭ كۆپ قېتىملىق نوم نومىلىشىنى ئاڭلاپ، ئۆي - ۋاقلىرىنى تاشلاپ راھىپ بولىدۇ. يۇقىرىدا ئۇلارنىڭ 3 ى كۆرسىتىلدى. قالغان ئىككىسىنىڭ ئىسمى [Bhadrika]،[Dasaba aāksyapa] دەپ ئاتىلىدۇ.

(168) تويىن — خەنزۇچە «道人»، مەنىسى «راھىب»،

(169) پانچىكى — سانسكرىتچە [Pañcā – ka،] مەنىسى «بەش».

(170) ياسى — ئاناندانىڭ شاگىرتىنىڭ ئىسمى.

(171) ئىنەل — قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئۇنۋان نامى.

(172) چور — قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئۇنۋان نامى.

(173) ئىچبىلىس — مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

(174) شمنۇ — سۇغدى تىلى [Šmnw]، دىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن ئاتالغۇ. مەنىسى [illegible]

(175) كاپىلاۋاستۇ — سانسكرىتچە [Kapilavastu]، قەدىمكى دەۋردىكى شەھەر بولۇپ، بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى شاكيامۇنى مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئورنى

ھازىرقى نېپال تەۋەسىگە تەۋەرا كېلىدۇ.
(176) نارىيانچان — سانسكرىتچە [Nairanjana]، قەدىمكى دەريا نامى.
(177) پىنباب — سانسكرىتچە [Pindapāta]، مەنىسى «سەدىقە، ئېھسان».
(178) نانتا، نانتاپالا — سانسكرىتچە [Nandā Nandapala] ۋە [Meka Mekhala] دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇلار قەدىمكى ھىندىلار بولۇپ، ئىككىسى ئاچا - سىڭىل.
(179) بالتىز — قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئاتالغۇ، مەنىسى «سىڭىل».
(180) پاساك (تاغ) — سانسكرىتچە [Praśakha] دىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، ئۇ ماگىت دۆلىتىدىكى بىر تاغنىڭ نامى. بەزى قۇرلاردا بۇ ئىسىم Pasanak يېزىلغان بولۇپ، ترانسكرىپسىيىدە بىر خىل ئېلىندى.
(181) ئۇپاسانچ — سوغدى تىلى ئارقىلىق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن ئاتالغۇ بولۇپ، سانسكرىتچە [Upāsika] دېيىلىدۇ. بۇددا دىنىدا، ئۈچ ئەردىنىگە ئېتىقاد قىلىدىغان، 5 خىل پەرھىزنى قوبۇل قىلغان ئۆيىدىن ئايرىلمىغان ئاياللار ياكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان. لېكىن راھىب بولمىغان ئاياللار شۇنداق ئاتىلىدۇ. بۇ دائىرىگە كىرىدىغان ئەرلەر ئۇپاسى — سانسكرىتچە [Upāsàka] دەپ ئاتىلىدۇ.
(182) تىرىداراسترى — سانسكرىتچە [Dhṛ taraṣṭra]، گانتارۋىلارنىڭ چوڭ پادىشاھى، «20 ئىلاھ» نىڭ 4 - سى.
(183) ۋىرۇپاكسى — سانسكرىتچە [Virūpakṣa]، ناگىلارنىڭ پادىشاھى، «20 ئىلاھ» نىڭ 6 - سى.
(184) كومبانتى — سانسكرىتچە [Kumbhānda] (1) Kumbha nda (بالايى - ئاپەت كەلتۈرگۈچى بىر خىل جىن) نىڭ چىشىسى (2) Rāksasi (ھىندى ئەپسانىلىرىدىكى قەبىھ ئالۋاستىلار) نىڭ چىشىسى.
(185) تىلۇتاما — خاس ئىسىم.
(186) خامادا — خاس ئىسىم.
(187) ئارزى — سانسكرىتچە [Ṛṣi]، مەنىسى «ئەۋلىيا».
(188) ئاسۇر — سانسكرىتچە [Asura]، مەنىسى «تەڭرى ئەمەس، دۇرۇس ئەمەس»، قەدىمكى ھىندى ئەپسانىسىدىكى بالايى - ئاپەت كەلتۈرگۈچى جىن.
(189) كىلاس (~كاۋلاس) (تاغ) — سانسكرىتچە [Kilāsa]، دېڭىز ئارىلىدىكى بىر كىچىك تاغ.
(190) داكساناپات — سانسكرىتچە [Dahsinapati] دىن كەلگەن بولسا كېرەك. قەدىمكى ھىندىستاندىكى بىر دۆلەتنىڭ نامى.
(191) ۋازانپات — سانسكرىتچە [Pāsupata]، بۇ ئاتالغۇ قەدىمكى قاراشەھەر تىلى ئارقىلىق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن بولۇپ، راھىب بولغۇچىلارنىڭ چاچ - ساقاللىرىنى چۈشۈرۈپ بۇتقا چوقۇنۇشنى كۆرسىتىدۇ.
(192) تۈزۈن — قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «تۈز كۆڭۈل، ئاق كۆڭۈل، ئالىيجاناب» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرگە ئىگە.

(193) ئاۋانت تىلتاغ سوغدىچە [ʻn'βnt] مەنىسى «ۋەج، سەۋەب»، تىلتاغ — قەدىمكى ئۇيغۇرچە، مەنىسى «ئاۋانت» بىلەن ئوخشاش.

(194) شاكيامۇنى - سانسكرىتچە Sākyamuni، مەنىسى «ساكىلارنىڭ ئەۋلىيا - سى». ئەسلى ئىسمى Siddhārtha بولۇپ، قەدىمكى ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى كاپىلاۋاستۇ دۆلىتىنىڭ (ھازىرقى نېپالنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ) پادىشاھى سۇتۇدانىنىڭ شاھزادىسى. ئۇ بۇددا دىنىنى ئىجاد قىلغاندىن كېيىن بۇددا دىنى مۇرتلىرى ئۇنى ھۆرمەتلەپ شاكيامۇنى دەپ ئاتىغان.

(195) راتناسىكى — سانسكرىتچە [Ratnásikhin]، بۇرۇنقى كالپادىكى 999 - بۇددا (بۇرخان). «دىن لۇغىتى» دە بۇرۇنقى 7 بۇرخاننىڭ 2 - سى دەپ كۆرسىتىلگەن.

(196) ۋياكرات — سانسكرىتچە [Vyakāra] دىن كەلگەن ئاتالغۇ بولسا كېرەك. مەنىسى «بىشارەت، ئالدىن ئېيتىلغان سۆز».

(197) باتراكلاپ — سانسكرىتچە [Bhadrakalpa]، بۇددا دىنىدا ھازىرقى دەۋرنى كۆرسىتىدۇ.

(198) سىرىۋانى — بىر براھماننىڭ ئىسمى.

(199) ئەنەتكەك — 129 - ئىزاھقا قارالسۇن.

(200) ئاچاتى (~ئاچىتى) — مايترىنىڭ قېرىنداشىنىڭ ئىسمى.

(201) چاناكى — سانسكرىتچە [Jnānakaya]، مەنىسى «ئەقىل گەۋدىسى».

(202) پارياناچىكى — سانسكرىتچە [Prajnākūta]، مەنىسى «ئەقىل يىغىندىسى».

(203) ماتيادىس (~مادىيادىس) — سانسكرىتچە [Madhyadésa]، «مەنىسى ئوتتۇرىدىكى دۆلەت»، ئوتتۇرا ھىندىستاندىكى قەدىمكى دۆلەت نامى».

(204) سىرۋاپاسانتىك — سانسكرىتچە Sarva ۋە [Pāsanda] ئاتالغۇلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. مەنىسى «بارلىق غەيرىي دىندىكىلەر».

(205) پۇرنا ۋياكران — شاستىر نامى. سانسكرىتچە [Purna] ۋە [Vyākarana] سۆزلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن بولسا كېرەك.

(206) ۋىتىياستان — شاستىر نامى. [Vidyāsthāna]

(207) راتنادافا — " ".

(208) ۋىتساۋاھار — " ".

(209) باسۇمى — " ".

(210) ئوغلان ئەمى — " ".

(211) چاخشاپات — سوغدىچە [Čixsāpad] دىن كەلگەن ئاتالغۇ، سانسكرىتچىسى [Śiksāpda]، مەنىسى «پەرھىز، ئەقىدە، تەلىمات».

(212) مانىباترى — سانسكرىتچە [Manibhadra]، يەكلەرنىڭ پادىشاھى. ۋايىشىرۋانى ماھاراجىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر «كىچىك ئىلاھ».

(213) پۇرناباترى (ئۇراكو) — سانسكرىتچە [Pūrnabhadra]، تەڭرى ئەلچىسى -

نىڭ نامى.

(214) رىسدانى ــ بىر براھماننىڭ نامى.

(215) باكىراتى ــ سانسكرىتچە [Bhāgīratha]، بىر دەريا نامى.

(216) گائۇدام ــ سانسكرىتچە [Gautama]، شاكيامۇنىنىڭ فامىلىسى ھېسابلىنىدۇ.

(217) سۇدۇتان ــ سانسكرىتچە [Suddhodana]، شاكيامۇنىنىڭ ئاتىسى، كاپىلاۋاستۇ دۆلىتىنىڭ خانى.

(218) ماھامايا ــ سانسكرىتچە [Mahamaya]، شاكيامۇنىنىڭ ئانىسى، سۇدۇتان ئېلىگ بەگنىڭ خاتۇنى، شاكيامۇنىنى تۇغۇپ 7 - كۈنى ۋاپات بولغان.

(219) لۇمبىنى ــ سانسكرىتچە [Lumbini]، شاكيامۇنى تۇغۇلغان جاي بولۇپ، نېپالنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، شاكيامۇنىنىڭ ئانىسى ماھامايا ئاتا - ئانىسىنىڭكىگە كېتىۋېتىپ، مۇشۇ جايدىكى ئورمانلىقتا كەلگەندە تولغىقى تۇتۇپ، شاكيامۇنىنى تۇغقانىكەن. شۇڭا بۇ جاي بۇددا دىنىدا مۇقەددەس جاي ھېسابلىنىدۇ.

(220) ئاسوك سۆگۈت (ئاسوك دەرىخى) ــ سانسكرىتچە [Aśoka]، شاكيامۇنى مۇشۇ دەرەخ تۈۋىدە تۇغۇلغان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

(221) a) بوش يۇلتۇز ــ مەنىسى ئەركىنلىك يۇلتۇزى، ئۇ ئەركىلىگ يۇلتۇز (ھوقۇق يۇلتۇزى ياكى قۇدرەتلىك يۇلتۇز) بىلەن مەنىداش كېلىدۇ. ئۇ شاكيامۇنىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىدىكى يۇلتۇزى بولۇپ، بەخت - ئىقبالنىڭ پارلاقلىقىدىن بىشارەت بەرسە كېرەك.

(b) بوش يۇلتۇز ــ بوش سۆزىنى سانسكرىتچە Pusya دىن كەلگەن دەپ قارساق، يۇلتۇز نامىنى كۆرسىتىدۇ.

(222) ۋىچاي ــ سانسكرىتچە [Visaya]، مەنىسى «چېگرا، پاسىل، دائىرە».

(223) مۇخۇرت ــ سانسكرىتچە [Muhūrta]، مەنىسى «ئان، پەيت» بولۇپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ.

(224) 32 تۈرلۈك بەخت - تەلەيلىك ياخشى بەلگە ــ سانسكرىتچە [Dvātrimsamahāpurusalaksana]، شاكيامۇنى تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭ قىياپىتىدە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان 32 تۈرلۈك ئېنىق بەلگىسى بولغان ئىكەنمىش، بۇ بەلگىلەرنىڭ تەپسىلاتى 2 - بۆلۈمدە بايان قىلىنىدۇ.

(225) سەكسەن تۈرلۈك ئۆزگىچىلىك (ئالاھىدىلىك) ــ سانسكرىتچە [Astyānuvyanjanāni]، شاكيامۇنى تۇغۇلغاندا، 32 تۈرلۈك ئېنىق بەلگىسى بولغاندىن تاشقىرى، يەنە ئاسان كۆرۈۋالغىلى بولمايدىغان 80 تۈرلۈك بەلگىسىمۇ بولغانىكەن. بۇ بەلگىلەر (ئالاھىدىلىكلەر) ئۇنىڭ باش، يۈز، بۇرۇن، ئېغىز، كۆز، قۇلاق، قول ۋە پۇتلىرىدا ئىكەن.

(226) ئۈچ مىڭ ئۇلۇغ مىڭ يەر - جاھان ــ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، سۇمىر تېغىنى مەركەز، تۆمۈر تېغىنى تاشقى دائىرە قىلغاندا، ئوخشاش

بىر كۈن ئىچىدە ئاي يورۇتقان 4 ئالەم «بىر كىچىك دۇنيا»، مىڭ «كىچىك دۇنيا» بولسا «مىڭ كىچىك دۇنيا»، «مىڭ كىچىك دۇنيا» بولسا «مىڭ ئوتتۇرا دۇنيا»، مىڭ «مىڭ ئوتتۇرا دۇنيا» بولسا «ئۇلۇغ مىڭ دۇنيا» دېيىلىدىكەن. «ئۇلۇغ مىڭ دۇنيا» ئىچىدە 3 خىل (كىچىك، ئوتتۇرا، ئۇلۇغ) «مىڭ دۇنيا» بولغاچقا، «ئۈچ مىڭ ئۇلۇغ مىڭ دۇنيا» دەپ ئاتىلىدىكەن.

(227) يەتتە ئەردىنى — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى. ئالتۇن، كۈمۈش، ھېقىق، مەرۋايىت...قاتارلىق يەتتە خىل ئېسىل تاشنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، بۇددا نوملىرىدا بۇ ھەقتە خىلمۇ خىل كۆزقاراشلار بار. «دىن لۇغىتى» (خەنزۇچە) نىڭ 13 - بېتىدە، بۇ ھەقتىكى پىكىرلەر بىرقەدەر تەپسىلى تونۇشتۇرۇلغان.

(228) ياسودارا — سانسكرىتچە [Yaśodhara]، شاكيامۇنىنىڭ خاتۇنى، راھۇلىنىڭ ئانىسى.

(229) مارىكا — بىر تەڭرىنىڭ نامى.

(230) تىپايان (توباۋان دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنىشىمۇ مۇمكىن) — بىر ئورمانلىقنىڭ نامى.

(231) ئاراتى — سانسكرىتچە [Ārada Kālāma].

(232) ئۇداراكى — سانسكرىتچە [Udraka Rāmāputra]، شاكيامۇنى ئۆي-ۋاقىنى تاشلاپ چىققاندىن كېيىن، ماگىت دۆلىتىنىڭ پايتەختى راجاگىرى ئەتراپىدا تۇرىدىغان ئاراتى ۋە ئۇداراكى ئاتلىق مۇشۇ ئىككى ئەۋلىيادىن تەلىم ئالغانىكەن.

(233) ۋاچرازان — سانسكرىتچە [Vajrāsana]، مەنىسى «ئالماس تەخت».

(234) تاپاساچاران — سانسكرىتچە [Tapas] ۋە [Ācārya] سۆزلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان ئاتالغۇ بولۇپ، «جاپاغا چىداپ تەربىيىلەنگۈچى ئۇستاز» مەنىسىدە.

(235) ۋايباس شاستر — سانسكرىتچە [Vibhāṣā – śastra]، شاستر نامى.

(236) ئارپا چانترى — «مايترى سىمىت» نى ئەنەتكەك (ھىندى) تىلىدىن توخرى (تىخار) تىلىغا تەرجىمە قىلغۇچى.

(237) كىشى ئاچارى — كىشى، سوغدىچە [Kaṣṣi]، مەنىسى «ئۇستاز»، ئاچارى- سانسكرىتچە، مەنىسى «ئۇستاز».

